# شىنجاڭ ئاياللىرى

新 疆 妇 女

1998. 12

XINJIANG WOMEN



- ئاياللار كالتسىينى قانداق تولۇقلىشى كېرەك
- توغۇلغان كۈن - تۇغۇلغۇچىغىلا خاسمۇ
- تورمۇش ئەترگۈلزارلىق ئەمەس
- مودا





# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن كۆرۈنۈشلەر



















# شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى

رېداكسىيە باشلىقى: جەمىلە ھەسەن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىك رېداكتورى: ئارزۇگۇل رىشىت


## مۇندەرىجە


ئېلىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈشتە ئاياللارنىڭ يېرىم دۇنيالىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرايلى..........2

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا قىلىنغان تەبرىك سۆز..........8

مىننەتسىز مېھنەت..........13

ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قانداق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ..........16

قاتتىق شاكاللىق مېۋىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش پايدىلىق..........17

مۇھەببەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ..........18

تۇغۇلغان كۈن ـ تۇغۇلغۇچىغىلا خاسمۇ..........21

باھار چېچەكلىرى..........22

ئاياللار خىزمىتىدىن ئۇچۇرلار..........24

ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالىيجاناب مىجەز ـ خۇلقىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ناچار كەيپىياتنى تەكشەش..........26

بوۋاقلارنىڭ ئۆشنۈمنۈت تونجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىشى..........27

سۆيىقەست (ھېكايە)..........28

روس ئاياللىرى كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ..........30

بالىڭىزنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولسا..........33

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئاياللار مەسىلىسى توغرىسىدا..........35

مودا..........38

تۇرمۇش ئەترگۈلزارلىق ئەمەس..........40

بوزنى ماساژ قىلىشتىكى بىلىملەر..........42

بالىلارنىڭ سەمرىپ كېتىشىدىكى ئىككى مەزگىلگە دىققەت قىلىش لازىم..........43

قىزلار ئۈچرىششقا بارغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك..........44

ئۇيقۇسىزلىقتا گىرىپتار بولغانلار چۈشتىن كېيىن كۆپرەك ھەرىكەتلىنىشى كېرەك..........45

چېنىقىشتا ۋاقىت بەتمگەنلەر قانداق چېنىقىشى كېرەك..........46

ئاياللار كالتىسىنى قانداق تولۇقلىشى كېرەك..........47


مۇقاۋىدا: ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ يىغىدىن سايلانغان رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى بىلەن بىللە

مۇقاۋىنىڭ 2ـ 3ـ 4ـ بەتلىرىدە شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن كۆرۈنۈشلەر

ئامىنە ئۇلاتايۇۋا فوتوسى

# ئىلىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈشتە ئاياللارنىڭ يېرىم دۇنيالىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرايلى

## جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا قىلىنغان تەبرىك سۆز

خۇ جىنتاۋ

(1998 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى)

يولداشلار:

جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى بۈگۈن داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، جۇڭگو ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار تەرەققىيات پىلانىنى ئورتاق كېڭەشمەكچى. بۇ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۈز مىليونلىغان ئاياللار ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە قوزغاپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى 21 - ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە قۇرۇلتاينى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىدىن ۋە ئاياللار خىزمىتى خادىملىرىدىن سەممىي ھال سورايمەن! شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى ئايال قېرىنداشلارغا، ئاۋمېن ۋە تەيۋەندىكى ئايال قېرىنداشلارغا، چەت ئەللەردىكى ئايال مۇھاجىر قېرىنداشلارغا ياخشى تىلەكلىرىمنى بىلدۈرىمەن!

ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغان 20 - ئەسىردە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرىدە تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش ۋە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. جۇڭگو ئاياللىرىمۇ ئازادلىققا ۋە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئېگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلىپ، ئاخىر «ئۈچ چوڭ تاغ»نى ئاغدۇرۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇردى. مۇشۇ تارىخىي مۇساپىدە ئېلىمىز ئاياللىرى زۇلۇمغا، خورلىنىشقا ئۇچراتقان كىشەندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن داۋاملىق باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ، مىللەتنىڭ ئازادلىقى ۋە خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، جۇڭگو خەلقى يەنە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ توغرا يولىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ماڭدى. بۇ تارىخىي مۇساپىدە ئېلىمىز ئاياللىرى ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلىپ، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

جۇڭگو ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ تارىخى مۇنداق بىر داۋلىنى كۆرسىتىپ بەردى: ئاياللارنىڭ تەقدىرى دۆلەت، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. پارتىيىگە ئەگىشىپ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە پائال ئاتلانغاندىلا، ئاياللار ئۆزىنىڭ ئازادلىقى،

تەرەققىياتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. ئاياللاردىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كۈچنىڭ پائال قوللىشىغا ۋە قاتنىشىشىغا ئېرىشكەندىلا، ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ.

پۇرسەت ۋە خىرىسقا تولغان يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلەپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغان كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، سانسىزلىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە ئىنقىلاب پېشۋالىرى كۆڭلىگە پۈككەن جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى تارىخنى يەكۈنلەپ، كېلەچەكنى پىلانلاپ بەردى. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى. ھازىر، پۈتۈن پارتىيە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەسسىلەپ تىرىشماقتا. ئاياللار دۆلىتىمىزنىڭ يېرىم دۇنياسى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش ئاياللاردىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كۈچنىڭ كەڭ قاتنىشىشىغا ۋە ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىشىغا موھتاج.

دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرى شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سۈرۈۋاتقان بۇ مۇساپە جەريانىدا يېڭى خىزمەت كۆرسىتىپ، يېڭى ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن يېڭى ئەسىرگە قەدەم تاشلىشى كېرەك.

**ئاياللارنىڭ ئۆزىنى داۋاملىق قۇدرەت تاپقۇزۇپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.** تەرەققىيات - ئۆزگەرمەس قائىدە. ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا. ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي ئاساسلىق زىددىيەت كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بەلگىلىدى. جۇڭگو ئاياللىرى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. تەرەققىيات ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرماقتا. بۇلار ئاياللارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا جىددىي موھتاج. ئاياللار



ئاممىسى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىر قاتار زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن قوللاپ، ئىسلاھات داۋامىدا مەنپەئەتنىڭ تەڭشىلىشىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى تىرىشىپ قوغدىشى لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر كارخانا ئىسلاھاتىغا پائال ئاتلىنىپ، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىش، «ئۈچنى ئۆزگەرتىش، بىرنى كۈچەيتىش» نى ياخشى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا پائال رول ئويناپ، كارخانىنىڭ زىياننى تۈگىتىپ پايدا ئېلىشى، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى لازىم؛ ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر خىرىسنى كۈتۈۋالىدىغان، قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان جاسارەتنى ۋە ئىشەنچىسى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە قايتا ئىگىلىك يارىتىشتا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم؛ يېزا ئاياللىرى سوتسىيالىستىك يېزا قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە پائال ئاتلىنىپ، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىپ، نەتىجە يارىتىش، تۆھپە قوشۇشتا بەسلىشىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ھەم دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم؛ پەن - مائارىپ سېپىدىكى ئاياللار پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا پائال ئاتلىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، پەن - تېخنىكىدا داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىش، پەن - مائارىپقا تايىنىپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا تايانچلىق رول ئوينىشى لازىم؛ ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ئاياللار ئەمگەك قىزغىنلىقىنى يەنىمۇ قوزغاپ، كەسپىنى قەدىرلەپ، جاپالىق ئىشلەپ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ ۋە ئۇلارغا يېتىشىۋېلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ، رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا بولىدىغان ھەر قانداق جايدا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، يەنە بىر قېتىم ياخشى نەتىجە يارىتىشى لازىم. بۇ يىل دۆلىتىمىز تارىختا ئاز كۆرۈلگەن ئالاھىدە چوڭ كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە مەملىكىتىمىزدىكى ئارمىيە، خەلق بىر نىيەتتە بولۇپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ سەھىپىسىنى يارىتىپ، خەلق ئاممىسىنى خەۋپ - خەتەردىن قۇتقۇزۇشنىڭ زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. مەملىكىتىمىزدىكى ئاياللار پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز خىزمىتىنى تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى ئاياللار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ئاكتىپ ئاتلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۇرت - ماكانلىرىنى قايتا قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىككى قولى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق تېخىمۇ گۈزەل يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلىشى لازىم.

**ئاياللارنىڭ چامىسى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىپ، توغرا كەيپىياتنى قوللاپ، ناچار ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆپلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.** جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ماددىي مەدەنىيلىكنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيلىكنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاياللار ماددىي بايلىق ياراتقۇچى شۇنداقلا مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچى. ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ئاياللار ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى

مەدەنىيلىك يارىتىش پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئىشنى ئۆزىدىن، ھازىردىن، كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ قىلىپ، يېڭى ئىستىلنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى پائال تەشەببۇس قىلىشى لازىم. ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشى، كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلۈشى، جامائەت پاراۋانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئاڭلىق تۆھپە قوشۇشى، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىشى، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشى، قىيىنچىلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئالغا بېسىشى، ئۆزىنى داۋاملىق قۇدرەت تاپقۇزۇشى، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ قانۇنغا بويسۇنۇشى، سەممىي بولۇشى، ۋەدىسىدە تۇرۇشى، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىشى، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلىشى لازىم. پۇلپەرەسلىككە، راھەتپەرەسلىككە، شەخسىيەتچىلىككە ۋە فېئودال خۇراپاتلىققا ھەم قىمار ئويناش، زەھەر چېكىش قاتارلىق رەزىل ھادىسىلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشى لازىم. ئاياللار ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى بەرپا قىلىشتا ھېچكىم ئورنىنى باسالمايدىغان رولغا ئىگە. تىرىشچان، تېجەشلىك بىلەن ئۆي تۇتۇپ، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاسراپ، ئەر - خوتۇن ئىناق بولۇپ، قولۇم - قوشنىلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ، كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى قەتئىي ئۆزگەرتىپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيىلەپ، ياخشى ئائىلە ئىستىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى پائال ئالغا سۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سۈرۈشى لازىم.

**ئاياللارنىڭ ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ياخشى ماسلىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن.** ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتى كۆپ قۇتۇپلىشىش ۋە ئىقتىساد يەر شارىلىشىشقا قاراپ تېز تەرەققىي قىلماقتا. پەن - تېخنىكا كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىپ، بىلىمنى يېڭىلاش سۈرئىتى تېزلەشمەكتە. ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتى كۈنسايىن كەسكىنلەشمەكتە. كىشىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش - مەيلى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدا بولسۇن ياكى شەخسلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدە بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالدى. ئاياللار ئېلىمىز ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا ئاياللارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىنى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ئېشىشىنى ئالغا سۈرۈش كېرەك. ئاياللارنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرگەندىلا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە ئاياللارنىڭ يەنىمۇ ئازاد بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئاياللار ئاممىسى كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ھەم قەيسەر، بوشاشمايدىغان قەتئىي روھ بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكنىڭ مەھسۇلى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە يېڭى تارىخىي شارائىتتا ۋارىسلىق قىلغانلىق ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىق، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى- جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان توغرا نەزەرىيە بولۇپلا قالماستىن، ئاياللارنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ۋە تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورال. ئاياللار ئاممىسى بولۇپمۇ ئايال كادىرلار ماركسىزم- لېنىنىزمنى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى تىرىشىپ ئىگىلىشى، ئۇنىڭ ئىدىيىنى ئازاد قىلىدىغان، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان جەۋھىرىنى ئىگىلىشى، جۇڭگوچە

سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىغا مېڭىش ئەقىدىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىشى لازىم؛ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە ئارقىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى داۋاملىق كۈچەيتىشى كېرەك؛ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە، تىرىشىپ سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشى، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى پۇختا تۇرغۇزۇشى لازىم؛ نەزەرىيىنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، مەدەنىيەت بىلىملىرى، ئىلىم ـ پەن، تېخنىكىنى، باشقۇرۇش ئىلمىنى ئاكتىپ ئۆگىنىپ، بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمگەك ماھارىتىنى ئىگىلەپ، نەزەر دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، كەسپىي ئىقتىدارىنى ۋە رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك؛ ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق، ئۆزىنى يېڭى دەۋردىكى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيلىك، ئىنتىزامچان، ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، مۇستەقىل ئىش قىلالايدىغان، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ قۇرغۇچىلىرىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

ئۇزۇندىن بۇيان، جۇڭگو مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئاياللارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئىجابىي تۆھپە قوشتى. ئېلىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي مۇساپىسىدە، ئاياللار بىرلەشمىسى يېڭى، شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالماقتا. شۇڭا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئاياللار خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىجرا قىلىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، توغرا سىياسىي نىشاندا تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇش لازىم؛ پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى زىچ چۆرىدەپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىدىن ئىبارەت ئومۇملۇققا بويسۇنۇپ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت بىلەن ئاياللار بىرلەشمىسى خىزمىتىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم؛ ئاياللار ئاممىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇجەسسەملەشتۈرۈش لازىم؛ جان ـ دىل بىلەن ئاياللار ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاياللار بىرلەشمىسى خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە پۇت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسى قىلىپ، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىپ، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، ئاياللار ئاممىسىنىڭ ساداسىغا ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم؛ ئاياللارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ ۋە ئۇنى ئاكتىپ قوغداپ، ئاياللار ئۈچۈن سەمىمىي ھالدا ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش لازىم؛ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات روھى ئارقىلىق يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېڭى ئۇسۇل ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاياللار بىرلەشمىسى خىزمىتىنى تىرىشىپ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش لازىم. ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ـ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئاياللار بىرلەشمىسى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى ئايال قېرىنداشلار، ئاۋمېن، تەيۋەندىكى ئايال قېرىنداشلار، چەت ئەللەردىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىر ئايال قېرىنداشلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ۋە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

ھەر قايسى ئەللەردىكى ئاياللار تەشكىلاتى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ،

دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى قول تۇتۇشۇپ ئالغا سۈرۈش لازىم.

ئاياللارغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى قوغداش ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم بەلگىسى، مەدەنىيلىك جەمئىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك قانۇن ـ قائىدە ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاياللارنىڭ ئالغا ئېتىلىشىغا ۋە تەرەققىياتىغا ئەزەلدىن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىنى ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشنىڭ بىر تۈرلۈك تۈپ دۆلەت سىياسىتى قىلدى. ئاياللارنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى باراۋەر ئورنى ۋە تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئىتى قانۇن بويىچە قوغدالغاچقا، ئېلىمىزدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى تۈپ كاپالەتكە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، جەمئىيەتتە ئاياللارغا سەل قارايدىغان، ئۇلارنى كەمسىتىدىغان، ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزىدىغان ھادىسىلەر يەنىلا مەۋجۇت. قانۇن جەھەتتىكى ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىدىن ئەمەلىيەتتىكى ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىگە يېتىشتە ۋەزىپە يەنىلا مۇشكۈل. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ماركسىزملىق ئاياللار قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق- مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئۈستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار دەيدىغان ئەنئەنىۋى بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاياللار، باللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئاياللار، باللارنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان رەزىل ھادىسىلەرنى قەتئىي تۈگىتىشىمىز، ئاياللار، باللار تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرىشىپ ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتى پارتىيىنىڭ ئاممىۋى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتىنىڭ قانۇن ۋە ئۆزىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە خىزمەتلەرنى مۇستەقىل، ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئىجادىي قانات يايدۇرۇشىنى قوللىشى كېرەك. ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاياللار ئارىسىدىن مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

يولداشلار، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىلا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى يولداش ماۋزېدۇڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەنىدى:«پۈتۈن مەملىكەت ئاياللىرىنىڭ قوزغالغان كۈنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلغان ۋاقتى بولىدۇ». مانا بۇ، جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ ئىنقىلاب قىلىشقا قارىتىلغان سەممىمىي ئۈمىد، شۇنداقلا جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ تارىخىي رولىغا بېرىلگەن يۈكسەك باھا. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى سەپەردە شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە جۇڭگو ئاياللىرى تارىخ يۈكلىگەن ئالىيجاناب ۋەزىپىنى جەزمەن ئۈستىگە ئېلىپ، دەۋرگە مۇناسىپ شانلىق نەتىجە يارىتالايدۇ. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن باتۇرلارچە ئالغا باسايلى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ 31 ـ ئاۋغۇست تېلېگراممىسى)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا قىلىنغان تەبرىك سۆز

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى
جۇشىيڭتاۋ

(1998 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى)

ۋەكىللەر، يولداشلار:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى بۈگۈن داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ ۋە كەڭ ئاياللار خىزمەتچىلىرىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى كاتتا ئىش. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينى ياخشى ئېچىش دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ۋە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىن روھىنى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن قۇرۇلتاينى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. قۇرۇلتايغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەردىن ھەمدە سىزلەر ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرى ۋە ئاياللار خىزمەتچىلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن ھەم ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن بۇيان ھازىرغىچە بەش يىل ئۆتتى. بەش يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى يېتەكچى قىلىپ، ھەر مىللەت ئاياللىرىنى يېتەكلەپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۆرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاياللار خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاياللار ئاممىسى ئارىسىدا «ئۆچىنى ئۆگىنىش، ئۆچىنە بەسلىشىش»، «ئاياللار نەتىجە يارىتىش» مۇسابىقە پائالىيىتىنى ۋە «بەشتە ياخشى مەدەنىيلىك ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قەتئىي بوشاشماستىن قانات يايدۇرۇپ، ئاياللارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئاياللار



بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكىنى ۋە رولىنى نامايان قىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى يەنە ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا پائال ماسلىشىپ، «ئىككى قانۇن»، «ئىككى پروگرامما» نى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، «ئىككى قانۇن»، «ئىككى پروگرامما» نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىنى ئالغا سۈردى. جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئاياللارنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئاياللار، بالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە قاتنىشىش، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە تارماقلىرىغا ماسلىشىپ ئاياللار، بالىلارنى ئالداپ ساتىدىغان جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بېرىش، شەھۋانىي، قانۇنسىز نەرسىلەرگە زەربە بېرىش، زەھەر چېكىشنى، قىمارۋازلىقنى چەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى يەنە ئۆز قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، كەسپداش ئاياللارنىڭ بىرلەشمە دوستلۇق تەشكىلاتلىرىنى پائال قۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاياللار تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى ئالغا سۈردى؛ پارتكومغا ماسلىشىپ، ئۇدا ئۈچ يىلغىچە ئاساسىي قاتلام ئاياللار تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، قۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلام ئاياللار تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى؛ ئايال كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئاياللاردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتى جەھەتلەردە ئاياللار بىرلەشمىلىرى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بەش يىللىق خىزمەت ئارقىلىق، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ئاياللارنىڭ كوللېكتىپ ساپاسى يەنىمۇ ئۆستى، روھىي قىياپىتىدە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش بولدى. ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۆرلۈك ۋەزىپىلەر غەلىبىلىك ئورۇندالدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاياللار خىزمىتىدىكى ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىياتتىن رازى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىسلاھات پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرماقتا. شۇڭا ئاياللارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا جىددىي موھتاج بولماقتىمىز. بۇ يىل 7 ـ ئايدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: «مەسىلىگە مەيلى سىياسىي جەھەتتىن ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاراشتىن قەتئىينەزەر، بىز كۆپرەك چارە ـ ئامال تېپىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىز كېرەك. مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ ـ تەرەققىياتنى تېزلىتىشتەك پايدىلىق شارائىتقا ئىگە، ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ بولۇپمۇ كېيىنكى ئەسىردىكى ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈشىنىڭ تايانچ نۇقتىسىغا ئايلىنىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى» دېدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرى شىنجاڭ 1000 يىلدىمۇ ئېرىشىش تەس بولغان تەرەققىيات پۇرسىتى. شۇڭا بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىغا تايىنىشىمىز كېرەك. بۇ، ھەر مىللەت ئاياللىرىدىن ۋەزىيەتنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ، ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ غايىسى، ئىستەكلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش نىشانى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى روھىي قىياپەت، يېڭى ھالەت بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنىڭ بىرلىشىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاياللارنىڭ «يېرىم دۇنيا» لىق رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاياللارنى سىياسىي، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى، تېخنىكىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان زامانىۋى يېزا ئىگىلىك

پەن - تېخنىكا يېڭى بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «نېفىت، پاختا» دىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىنىش كېرەك. شەھەر - بازارلاردىكى ئاياللار ئارىسىدا «ئاياللار نەتىجە يارىتىش» پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شەھەر - بازارلاردىكى ئاياللارنىڭ ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسپىنى قەدىرلەش، ئىلغارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ ئەلا نەتىجە يارىتىش ئېڭىنى قوزغاش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كارخانا ئىسلاھاتىغا پائال ئاتلىنىپ، كارخانىنىڭ زىيانىنى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشى ئۈچۈن پىلان تەقدىم قىلىپ، كۈچ چىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچىلارغا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش، يېڭىلىق، ئىگىلىك يارىتىش، ئىجاد قىلىش روھى ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشتا يېڭى مەنزىرە بەرپا قىلىشنى، يېڭى ئىش ئورنىدا يېڭى ئىگىلىك يارىتىش، يېڭى نەتىجە يارىتىشنى چاقىرىق قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى «ئاياللار يېڭى ئىگىلىك تىكلەش»-تىكى بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلارنى تاللاپ تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆز قارىشىنى، رىقابەت كۆز قارىشىنى، ئىگىلىك يارىتىش كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇشى توغرىسىدا تەربىيە بېرىشىمىز، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇشىمىز، بۇنىڭ بىلەن «ئاياللار يېڭى ئىگىلىك تىكلەش» پائالىيىتىدە مول نەتىجىگە ئېرىشىشىمىز لازىم.

جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداش، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ھەر مىللەت ئاياللىرىنى يېتەكلەپ، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداش يولىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى قەتئىي بوشاشماستىن كۈرەش قىلىشى لازىم.

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھەر مىللەت ئاياللىرى ئارىسىدا ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى تەشۋىق تەربىيىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي، داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاتېئىزم تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت ئاياللىرىغا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش كېرەك. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇشۇنداق چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلە جەھەتتە، ئاياللار ئامىسىغا چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە مۇجمەل تونۇشتا بولماسلىق، پوزىتسىيىسى يۇمشاق بولماسلىق، ھەرىكەتتە تەۋرەپ قالماسلىق، مەيدانى قەتئىي بولۇش، بايرىقى روشەن بولۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك. ھەر مىللەت ئاياللىرى ئارىسىدا «ئىككى ئايرىلماسلىق» ئىدىيىسىنى پۇختا تۇرغۇزۇش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈلگە پائالىيىتىگە ۋە «ئاياللار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەرىكىتى» گە بىرلەشتۈرۈپ، ئاياللارنىڭ ئائىلىدە ئانا ۋە ئايال بولۇشتەك ئالاھىدە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئائىلىلەرگىچە ئېلىپ بېرىپ، ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى بىلەن ئاياللار ئامىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى ئىجابىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش - ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق ساپاسىنى ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، «تۆت بولۇش»، «تۆت ئۆز» روھى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاياللىرىغا توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇش

توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك. ئاياللارغا ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلۈش، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، پائال ئالغا ئىنتىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك. ئىش ئورنىنى سۆيىدىغان، كەسپىنى قەدىرلەيدىغان، لەۋزىدە تۇرىدىغان، ئاما ئۇچۇن ئىشلەيدىغان، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدىغان ياخشى ئەخلاق پەزىلەتنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈش كېرەك. پۇلغا چوقۇنىدىغان، راھەتپەرەسلىك قىلىدىغان، شەخسىيەتچىلىك قىلىدىغان ئىللەتلەرگە ۋە زەھەر چېكىدىغان، قىمار ئوينايدىغان رەزىل ھادىسىلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. ئاياللارنىڭ ياخشى ساپاسى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى «بەشتە ياخشى مەدەنىيلىك ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى ئەخلاق، ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى، ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيىسىنى ھەممە ئائىلىلەرگىچە يېتىپ بېرىش لازىم. ھەر مىللەت ئاياللىرىغا ئىرىشچان، تېجەشلىك بولۇشنى ئاساس قىلىش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاسراش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىغا ۋارىسلىق قىلىش، دەۋر روھىنى جارى قىلدۇرۇش، فېئودال خۇراپاتلىقنى، چاكىنا، قالاق ئۆرپ - ئادەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، مەدەنىيلىك، ئىلمىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك. مەدەنىيلىك ئائىلە ئىستىلى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىستىلنىڭ ساغلام ئەۋج ئېلىشىنى ئالغا سۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈش كېرەك.

ئاياللارغا ھۆرمەت قىلىش، ئاياللارنى قوغداش - ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم بەلگىسى، مەدەنىيلىك جەمئىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك قانۇن - قائىدە ۋە ئەخلاق - پەزىلەت. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى جايلارنىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈشكە پائال قاتنىشىپ، ئاياللار، باللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا پايدىلىق بولغان قانۇن، قائىدە - نىزاملارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈشى، «ئىككى قانۇن»، «ئىككى پروگىراما» نىڭ يولغا قويۇلۇشىنى يەنىمۇ ئالغا سۈرۈشى، ئاياللار، باللارنىڭ ياشاش، تەرەققىي قىلىش شارائىتىنى ياخشىلىشى لازىم. ئاياللارنى «3 - بەش يىللىق» قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۆگىنىشكە ئاكتىپ قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى ئاياللار، باللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قائىدە - نىزاملارنى تېخىمۇ كۆپ بىلىش ۋە ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئاياللارنىڭ قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش، قانۇنغا ھۆرمەت قىلىپ قانۇنغا بويسۇنۇش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاياللارنى قانۇننى بىلىدىغان، قانۇننى چۈشىنىدىغان، قانۇننى قوللىنىدىغان، قانۇنغا بويسۇنىدىغان قىلىپ، ئۇلارنى قانۇن بويىچە ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئاياللارنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا تەھدىت سالىدىغان، ئاياللارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان رەزىل ھادىسىلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى ئەتراپلىق يولغا قويۇش مۇساپىسىدە، ئېلىمىز ئاياللىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشى دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى پارتكومنىڭ تەشكىلات تارماقلىرىغا پائال ماسلىشىپ، ئايال كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئاياللاردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشى، زاپاس كۈچنى تولۇقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يېڭى دەۋردە ئايال كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئاياللاردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەدبىر ۋە پىلان تۈزۈپ، يېتىشتۈرۈش مېخانىزمىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئايال كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش جەھەتتىكى تاشقى مۇھىتنى تېزدىن ياخشىلىشى، پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئايال كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئاياللاردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتىكى فۇنكسىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلىشى لازىم. ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، يولنى

كـەڭ ئېچىپ، تەدبىرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەخلاق، قابىلىيەتتە تەڭ يېتىلگەن مۇنەۋۋەر ئايال كادىرلارنى دادىل ھالدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ئەسىر ھالقىيدىغان ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئاياللار خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ـ ئاياللار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئـالغا سۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئاممىۋى خىزمەت توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشى، ئاياللار خىزمىتىنى كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈشى لازىم. ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت توغرىسىدىكى مەلۇماتىنى دائىم ئاڭلاپ، ئاياللار تەرەققىياتىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى قەرەللىك مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىشى، ئاياللار بىرلەشمىسى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئەھمىيەت بېرىشى، قۇرۇلمىنى ياخشىلاپ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇن ۋە ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە خىزمەتلەرنى مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا، ئىجادىي قانات يايدۇرۇشىنى قوللاش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت ماركسىزملىق ئاياللار قارىشىنى تـەشۋىق قىلىشى ۋە تەشەببۇس قىلىشى، ئەر ـ ئاياللار باراۋەر بولۇشتىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتىنىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈشى، ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشى ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشى ئۈچۈن كۈچلۈك سىياسەت ئاساسى ۋە جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئاياللار، باللار ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئـۇنى قوللايدىغان جۇشقۇن كەيپىياتنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈپ، ئاياللار، باللار ئىشلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى داۋاملىق ئالغا سۈرۈش كېرەك.

يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىغا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدى. مـۇقىملىق، تـەرەققـىياتتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپە ئالدىدا، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى ۋە ئۇسلۇب قۇرۇلۇشىنى ئەتراپلىق كۈچەيتىپ، جەڭگىۋارلىقنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرىغا دېـڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئىدىيىنى قوراللاندۇرۇپ، سىياسەت، نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ۋە ئۇلارنى يېتەكلەش لازىم. ھەر مىللەت ئاياللىرى ئۈچۈن جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلىشنى بارلىق خىزمەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە پۇت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسى قىلىپ، خىزمەت ئۇسلۇبىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلاپ، ئاساسىي قاتلامغا چۆشۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى بايقاپ، يېڭى مـەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئاياللار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش لازىم. ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدىكى تەلەپكە ئاساسەن، ئاياللار بىرلەشمىسىنى ھەر مىللەت ئاياللار ئەڭ ئىشەنچلىك، ئاياللار ئەقىدە باغلىغان ئاممىۋى تەشكىلات ۋە پارتىيىنىڭ ئاياللار بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

يولداشلار، ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئـاچىدىغان، يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان قۇرۇلتاي. بۇ قۇرۇلتاي ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە زور دەرىجىدە ئىلھام بېرىدۇ، ئاياللار خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سۈرىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال قىلىپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتىپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان، جۇشقۇن تەرەققىي قىلۋاتقان شىنجاڭنى 21 ـ ئەسىرگە باشلاپ كىرىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى.

قۇرۇلتاينىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

# مىننەتسىز مېھنەت

## مەدەنىيەت مۇھەممەترېھىم، ئەركىنئاي ئابدۇللا

«ئوقۇتقۇچىلار 10 قەدەم يىراقتىن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ يېرىپ كۆرۈشۈشكە ئەرزىيدىغان كىشىلەر» . قەلبلەر بۇلىقىدىن ئۇر-غۇغان بۇ باھالار ئۇستازلارنىڭ ئۇلۇغ ئەجىر- مېھنىتىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ياڭرىغان سادا. چۈنكى ئۇستازلار ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ تالاي تۈنلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بىدار قىلىپ ھېكمەتلەر جەۋھىرىدىن شىرنە ئىزدىسە، ھەر بىر تامچە يۈرەك قېنىنى غۇنچىلار ئۈچۈن تەسەددۇق ئەيلەپ، ئۇلارغا ئىستىقبال، زەپەر بەخش ئېتىدۇ. شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى داۋالاش فاكۇلتېتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مۇنەۋۋەر قاسىم بارلىقىنى 21 ـ ئەسىرگە لايىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە بېغىشلاپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئەنە شۇنداق ئۇستازلارنىڭ بىرى.

• • •

غايە ـ ئىنسان قەلبىنى يورۇتقۇچى، ھايات نىشانىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى نۇرلۇق ماياك. كىشىنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنىۋى قۇدرەت. شۇنداق، مۇنەۋۋەر قاسىمنىڭمۇ كىچىكىدىن باشلاپلا دوختۇر بولۇش ئارزۇسى بار ئىدى. ئۇ 1963 ـ يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغاندا، ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن زېمىن ھازىرلانغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشاللانغانىدى. ئەپسۇسكى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى تىببىي ئىلمىنى تازا ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىۋاتقان مۇنەۋۋەرنىڭ ئارزۇلىرىنى كۆزدىكى يوپۇرماقتەك ئۇچۇرۇتۇپ كەتتى. ئۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا «ئىنقىلاب قىلىش» بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ماناس ناھىيىسىنىڭ شىنخۇ يېزىسىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشتى. بۇ يېزا ئۇنىڭ دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى يېزا دوختۇرخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزلۈكىدىن ماتېرىيال كۆرۈپ ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، ئاياللار ۋە بالىلار كېسەللىكلىرىنى داۋالىيالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئۇنىڭ ئىپرى مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسىدا ئىشلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، 1972 ـ يىلى ئۇمۇ مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسىنىڭ دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ 10 يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، 1982 ـ يىلى خىزمەت



مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كەلدى ھەمدە داۋالاش فاكۇلتېتى ئوقۇتۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى بىرلىكتە تۇتۇپ ئىشلەشكە باشلىدى.

ئالىي مەكتەپ ھاياتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويىدىغان مەزگىلى بولغاچقا، بۇ مەزگىلدە ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتى بەكمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇڭا ياشلاردا توغرا بولغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش ئىنتايىن مۇھىم. مۇشۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان مۇنەۋۋەر قاسىم ئوقۇتۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسى، ۋەزىيەت تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلاردا پارتىيىنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ئىدىيىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بەردى.

مەكتەپ پارتكومى مۇنەۋۋەر قاسىمنىڭ خىزمەت ئىشلەشتىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئۇنى 1987 ـ يىلى داۋالاش فاكۇلتېتى



پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، 1994 ـ يىلى فاكۇلتېت پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا ئۆستۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت تېخىمۇ ئې

غىرلاشتى.

داۋالاش فاكۇلتېتى مەكتەپ بويىچە ئەڭ چوڭ فاكۇلتېت بولۇپ، جەمئىي 19 سىنىپ، 1800 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، 21 ئوقۇتقۇچىسى بار. مۇشۇنداق چوڭ بىر فاكۇلتېتتىكى ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىر ئايال كىشىگە نىسبەتەن ئاسانغا چۈشمەيدۇ، ئەلۋەتتە. مۇنەۋۋەر قاسىم فاكۇلتېتتىكى ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن سىنىپ مۇدىرلىرى ۋە سىياسىي تەربىيىچىلەرگە بولغان خىزمەتنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ، سىردىشىپ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىگىلىدى ھەمدە ھەر خىل مىجەز - خاراكتېردىكى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن «بىر ئاچقۇچ بىلەن كۆپ قۇلۇپ ئېچىش» ئۇسۇلىنى، خاتالىق ئۆتكۈزگەن لېكىن خاتالىقنى تونۇغان ئوقۇغۇچىلارغا «چىقىش يولى بېرىش»، «تەربىيىلەۋېلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەپ ماڭدى.

قىز ئوقۇغۇچىلاردا ئاسانلا يۈز بېرىدىغان ھېسسىياتقا بېرىلىشتەك ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە ئۇلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىختىساسلىق خادىملاردىن بولۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن مۇنەۋۋەر قاسىم قىزلارغا ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىنى كۈچەيتىش ھەققىدە ئىزچىل تەربىيە بېرىپ كەلدى ھەمدە قەرەللىك ھالدا ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل مەزمۇنلۇق دوكلات يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەردە بەلگىلىك تۆھپە قوشۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر ئاياللارنى تەكلىپ قىلىپ دوكلات بېرىشكە تەشكىللىدى.

ئاشۇنداق بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلەش نەتىجىسىدە، بۇ فاكۇلتېتنىڭ خىزمىتى ئىزچىل تۈردە مەكتەپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى. مۇنەۋۋەر قاسىمنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا توپلىغان تەجرىبىسىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان «سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تەسىراتىم»، «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى- سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا»، «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمىتىنى قانداق ئىشلەش ۋە ئۇلارنى قانداق تەربىيىلەش كېرەك»... دېگەندەك بىر قاتار ماقالىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇ يىللاردا مۇنەۋۋەر قاسىم يەنە ئىزچىل تۈردە سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئوقۇغۇچىلارنى خۇددى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈپ كۆيۈنۈپ، ئاسراپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

1989 - يىلى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئەڭ چەت يېزىسىدىن بىر تاجىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئېغىر قىيىنچىلىق بولغاچقا، مەكتەپكە كەلگەن ۋاقىتتا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئوقۇغۇچىغا 200 يۈەن ئەۋەتىپ بەرگەن ھەمدە يېزا نامرات بولغاچقا، بۇ ئوقۇغۇچىغا ھەر ئايدا پۇل ئەۋەتىشكە قۇدرىتى يەتمەيدىغانلىقىنى، مەكتەپنىڭ ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خەت يازغانىدى. مۇنەۋۋەر قاسىم بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ھەر ئايدا ئۆزىنىڭ يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. سىنىپتا «قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش فوندى» تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. نەتىجىدە، بۇ ئوقۇغۇچى تۇرمۇش خىراجىتىدىن قىينىلىپ قالماي ئوقۇش پۈتتۈردى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەندە، مۇنەۋۋەر قاسىمنى ئالاھىدە يوقلاپ كېلىپ بىر قوشقارنىڭ ھەيكىلىنى سوۋغا قىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. ئەسلىدە تاجىكلار ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىنى قوشقارغا ئوخشىتىدىكەن.

مۇنەۋۋەر قاسىم بىزگە ئوقۇغۇچىلىرىدىن كەلگەن بىر قانچە پارچە خەتنى كۆرسەتتى. بۇ خەتلەرنىڭ بىرسىدە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

«ھۆرمەتلىك مۇنەۋۋەر مۇئەللىم، ياخشىمۇسىز، بەلكىم بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا ئاشۇ قارلىق كېچە ئېسىڭىزگە كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىشنى ئۇيلىسام تولىمۇ خىجىل بولىمەن. مېنىڭ ئەسلىدە X نىڭ پۇلىنى ئوغرىلىۋېلىش خىيالىم يوق ئىدى، ياتاقتا ئۆيدىن ئەۋەتكەن 100 يۈەن پۇلۇم يىتىپ كەتكەندىن كېيىن تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالدىم. شۇڭا ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە X نىڭ پۇلىنى ئوغرىلىۋالغانىدىم. كىم بىلسۇن، بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سىنىپتىكى ھەتتا پۈتۈن فاكۇلتېتتىكى ئوقۇغۇچىلار ماڭا نەپرەت بىلەن قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئۇلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرىدىغان، باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قاراشتىن خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم.

مەكتەپتىن چىقىپ كېتىپ يۇرتۇمغا قايتايمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم، لېكىن مېنى ئاتا ـ ئانام مىڭبىر مۇشەققەتلەردە ئوقۇتۇۋاتقان تۇرسا، ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ئەل ـ جامائەت نېمە دەيدۇ؟ مۇشۇلارنى ئويلاپ ئاخىر ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ مەكتەپتىن چىقىپ كەتتىم. قانداق ئۇسۇلدا ئۆلۈۋېلىش ھەققىدە ئويلىنىپ، خۇددۇمنى يوقاتقان ھالدا توڭگۇك يولدا كېتىۋاتسام، توساتتىن ئۇستىۋاشلىرىڭىز قار، چاچ ـ كىرپىكلىرىڭىز ئاپئاق قىروباغلاپ كەتكەن ھالدا ئالدىمدا پەيدا بولدىڭىز. ئادەمنى زەھەرلىك نەشتەردەك چاقىدىغان سوغۇق قىش كېچىسىدە مېنى ئىزدەپ كەلگىنىڭىزنى كۆرۈپ كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك قۇيۇلدى. ئاشۇ كۈنى سىزنىڭ مېھرىڭىزنىڭ ئوتتەك ھارارىتى مۇزلىغان ۋۇجۇدۇمنىلا ئېرىتكەن، ئۈمىدسىزلىككە تولغان قەلبىمگە ئۈمىد نۇرى ئاتا قىلغانىدى. سىزنىڭ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئىللىق، سەمىمىي مۇئامىلەڭلار مېنىڭ ياشاشقا، تىرىشىپ ئۆگىنىشكە بولغان ئىرادەمنى كۈچەيتتى. كېيىن ئوقسام سىز ساۋاقداشلارغا بولغان ئىشلارنى يۈرۈمگە سالماسلىقنى، ماڭا ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى تاپىلىغان ئىكەنسىز...» دەپتى ئوقۇۋېتىپ كۆزلىرىمىزدىن ئىختىيارسىز ئىسسىق ياشلار قۇيۇلدى. ئىخ ئوقۇتقۇچى، يۈرىكىڭ نېمىلەردىن يۇتۇلگەن بولغىيدى ـ ھە سېنىڭ!

* * *

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، تەقسىم قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلارنى ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتمايدۇ، دېسە ئۇرغۇن كىشىلەر ئىشەنمەيدۇ. ئەمما جەمئىيەتتە مۇنەۋۋەر قاسىمدەك خىزمەتنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەيدىغان، ئۆز مەنپەئىتىنى ئەمەس، ئەۋلادلارنىڭ ساپاسىنى، كەلگۈسىنى



ئويلايدىغان پاك ـ دىيانەتلىك كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. مۇنەۋۋەر قاسىم داۋالاش فاكۇلتېتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغاچقا ھەر يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە تەقسىم قىلىش ئىشىنى ئىشلەيتتى. شۇڭا مۇشۇ مەزگىلدە ھەر خىل مەقسەت ۋە مۇددىئالار بىلەن ئۇنى ئىزدەيدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەمما مۇنەۋۋەر قاسىم بۇنداق «زىيارەت»لەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز لايىقىدا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىزچىل تۈردە ئۆزىنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىغا، بىر پارتىيە ئەزاسىغا خاس سالاھىيىتىنى ساقلاپ كەلدى.

بۇلتۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋاقتىدا مۇنەۋۋەر قاسىمغا بىر نامەلۇم كىشىدىن 3000 يۈەنلىك پۇل پېرىۋوتى كەلدى. ئۇ بۇ پۇلنى دەرھال مەكتەپ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مۇشۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر ناھىيىسىدە ئىشلەۋاتقان ئوقۇغۇچىنىڭ ئاكىسىدىن تېلېفون كەلدى. ئەسلىدە ئۇ كىشى بالىسىنى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتقا قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇ پۇلنى ئەۋەتكەنىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، مۇنەۋۋەر قاسىم رەت قىلغان پۇل، ئالتۇن ئۈزۈك ۋە ھەر خىل ماددىي بۇيۇملارنىڭ سانى 20 قېتىمدىن ئاشتى. پەقەت بۇلتۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋاقتىدىلا ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى سوۋغا قىلغان 7000 يۈەن پۇلنى رەت قىلىپ، ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتى، ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

مۇنەۋۋەر قاسىم خىزمەتنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقاچقا، ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە يارىشا شان ـ شەرەپكىمۇ ئېرىشتى. 1990 ـ يىلىدىن بۇيان ئىككى قېتىم مەكتەپ بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس، ئىككى قېتىم مەكتەپ بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمىتى خادىمى، ئىككى قېتىم جەمئىيەت ئامانلىقنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس، ئىككى قېتىم ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات، باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى ھەم ئىجرائىيە كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى. 1994 ـ يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى 3 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا مەكتەپ پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

مۇھەررىرى: **گۈلباھار ناسىر**

# ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر قانداق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ

ئالىم قادىر

نۆۋەتتە كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، زور بىر قىسىم ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بىر قىسىملىرىدا بەزىبىر ئەندىشە ۋە ئوي - پىكىرلەر پەيدا بولماقتا. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەندىشىلىرى ئورۇنسىز بولۇپ، ئەمگەك قانۇنى ۋە دۆلەت ئەمگەك مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان مۇناسىۋەتلىك قائىدە - نىزاملاردا ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش توغرىسىدا مەخسۇس بەلگىلىمىلەر بار. بۇلار ئاساسلىقى:

1. ئىقتىسادىي جەھەتتىن تولۇقلىما تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى. دۆلىتىمىز «ئەمگەك قانۇنى» نىڭ 28 - ماددىسىدا «ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار قانۇن بويىچە توختامنى بىكار قىلغانلارغا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئىقتىسادىي تولۇقلىما تۆلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلەت ئەمگەك مىنىستىرلىكى 1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئېلان قىلغان «ئەمگەك توختامىغا خىلاپلىق قىلىش ۋە ئۇنى بىكار قىلىشتىكى ئىقتىسادىي تولۇقلىما تۆلەش چارىسى» گە ئاساسەن، ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تولۇقلىما بېرىشنىڭ كونكرېت چارىسى مۇنداق بولىدۇ: ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قېلىپ ئادەم قىسقارتىشقا توغرا كەلگەندە، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار قىسقارتىلىدىغان خادىملارغا شۇ ئورۇندا خىزمەت قىلغان ستاژى بويىچە ئىقتىسادىي تولۇقلىما تۆلىشى كېرەك. شۇ ئورۇندا خىزمەت قىلغان ۋاقتىنىڭ ھەر بىر يىلى ئۈچۈن تەخمىنەن بىر ئايلىق مائاشقا تەڭ كېلىدىغان ئىقتىسادىي تولۇقلىما تۆلىشى كېرەك. ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلغاندىن كېيىن ئەمگەكچىلەرگە بەلگىلىمە بويىچە ئىقتىسادىي تولۇقلىما بەرمىگەن بولسا ئۇنى تولۇق بەرگەندىن سىرت يەنە ئىقتىسادىي تۆلەم سوممىسىنىڭ % 50 بويىچە نورمىدىن سىرت ئىقتىسادىي تولۇقلىما تۆلەم بېرىشى كېرەك.

2. ھەققىي ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقى. دۆلەت ئەمگەك مىنىستىرلىكى 1994 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئېلان قىلغان «كارخانىلار ئىقتىسادىي خاراكتېرلىك خادىم قىسقارتىش بەلگىلىمىسى» دە، خادىم قىسقارتىشنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىدەك بەلگىلەنگەن: ① كارخانا مۇددەتتىن 30 كۈن ئىلگىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ياكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش ھەمدە ئۇلارنى ئالاقىدار ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالى ھەققىدىكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ② خادىم قىسقارتىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. ③ خادىم قىسقارتىش لايىھىسى ئۈستىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ياكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن پىكىر ئېلىش ھەمدە لايىھەگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. ④ شۇ ئورۇندىكى ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرىغا خادىم قىسقارتىش لايىھىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پىكرىنى مەلۇم قىلىش. ⑤ خادىم قىسقارتىش لايىھىسى ۋە لايىھىنى يولغا قويۇش چارىسىنى رەسمىي ئېلان قىلىش.

3. مۇددەتتىن بۇرۇن ئۇقتۇرۇشتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى. مەلۇم ئەمگەكچىنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش ياكى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئۆز ئالدىغا ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلىشقا توغرا كەلگەندە، شۇ ئادەمگە يازما ئۇقتۇرۇش قىلىش ھەم يازما ئۇقتۇرۇش ئەمگەكچىنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزۈپ بېرىلىشى كېرەك. ئەگەر بۇ يازما ئۇقتۇرۇش ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن تەرىپىدىن ھۆججەت شەكلى ئارقىلىق چىقىرىلغان بولۇپ، ئايال ئەمگەكچىنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزۈلمىگەن بولسا ئەمگەكچىنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزۈلمىگەن، دەپ ھېسابلاش كېرەك. ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئۇقتۇرۇشنى قارار قىلىشتىن 30 كۈن ئاۋۋال ئايال ئەمگەكچىنىڭ ئۆزىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ بەلگىلىمە ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۆزلىرى يولۇققان ئەھۋالنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە پسىخىك جەھەتتە مۇئەييەن

دەرىجىدە تەييارلىق قىلىۋېلىش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ.

4. رەت قىلىش هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. «نىكاھ قانۇنى» نىڭ 29 ـ ماددىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئادەم ئېلىپ ساتقۇچى ئورۇنلار تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلگەندە ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلسا بولمايدۇ: ① كەسىپ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ياكى ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىپ ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقى ياكى قىسمەن يوقاتقانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە؛ ② كېسەل بولۇپ ياكى زەخىملىنىپ، بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە داۋالىنىۋاتقان بولسا؛ ③ ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھامىلدارلىق، تۇغۇت، بالا ئېمىتىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولسا؛ ④ قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ئەھۋاللار كۆرۈلسە: باشقا ئەمگەكچىلەردە يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە ئەمگەك توختامى مۇددىتى توشقان تەقدىردىمۇ، ئەمگەكچىلەر يەنىلا ئەسلىدىكى ئەمگەك توختامىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق.

5. ئاۋۋال تەكلىپ قىلىنىش هوقۇقى. ئەمگەك قانۇنىنىڭ 27 ـ ماددىسىدا: «ئادەم ئېلىپ ساتقۇچى ئورۇن ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قېلىپ، ئادەم قىسقارتىش ھەقىقەتەن زۆرۈر بولۇپ قالغاندا خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىپ، ئالتە ئاي ئىچىدە يەنە ئادەم قوبۇل قىلماقچى بولسا، قىسقارتىۋېتىلگەنلەرنى ئالدى بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن.

6. ئەرز قىلىش هوقۇقى. ئىش ئورنىدىن قالغانلار ئادەم ئېلىپ ساتقۇچى ئورۇنلارنىڭ خاتا قارارىغا قارىتا كېسىم چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلىش ۋە داۋا قىلىش ھەمدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھوقۇقلۇق. ئەگەر ئادەم ئېلىپ ساتقۇچى ئورۇنلارنىڭ ئادەم قىسقارتىش قارارى ياكى ئىقتىسادىي تولۇقلىما تۆلىمەسلىك قارارى قانۇن- نىزاملارغا ياكى ئەمگەك توختامىغا خىلاپ بولسا، ئىش ئورنىدىن قالغانلار «ئەمگەك قانۇنى» نىڭ 30 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئۇلارنىڭ قارارىغا قارىتا كېسىم چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

مۇھەررىرى: گۈلباھار ناسىر

# قاتتىق شاكاللىق مېۋىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش پايدىلىق

قۇربان سابىت

دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى ئوزۇقلۇق- ناسلارنىڭ قاتتىق شاكاللىق مېۋىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، كۈندىلىك تۇرمۇشتا قاتتىق شاكاللىق مېۋىلەردىن ياڭاق، بادام، ئۆرۈك مېغىزى، دادۇر، كاشتان، ئورمان ياڭىقى ۋە خۇاسىڭ قاتارلىق مېۋىلەرنى دائىم ئىستېمال قىلىپ بەرگەندە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن.

قاتتىق شاكاللىق مېۋىلەر تەركىبىدىكى ماي كىسلاتاسى بىلەن لېتسىتىن يۈرەك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان پايدىلىق ماددا ئىكەن. گەرچە قاتتىق شاكاللىق مېۋىلەرنىڭ تەركىبىدە ماي مىقدارى يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ 80 ـ 50 پىرسەنتى تويۇنمىغان ماي كىسلاتاسى بولۇپ، ئادەم بەدىنىدىكى قان تومۇرلارنىڭ تازىلىنىپ تۇرۇشىغا پايدىلىق بولۇش بىلەن بىرگە تويۇنغان كىسلاتا بىلەن خولېستېرىننىڭ ئۆرلىشىنى ئازايتىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىكەن. شۇڭا تاجىسىمان يۈرەك كېسەللىكى، يۇقىرى قان بېسىمى ۋە قىزىل قان تومۇر بوتقىسىمان قېتىش كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان بىمارلار ھايۋانات مېيىنى ئاز ئىستېمال قىلىپ، قاتتىق شاكاللىق مېۋىلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ بەرسە، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق ماي كىسلاتاسىغا ئېرىشەلەيدىكەن.

قاتتىق شاكاللىق مېۋىلەر تەركىبىدە لېتسىتىن مول بولۇپ، مايىنىڭ پارچىلىنىپ ئوكسىدلىنىشىغا ۋە خولېستېرىننىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ ھەمدە قان تومۇرلاردا تىنىپ قالغان، قېتىشقان داغلارنى ئېرىتىپ، قان تومۇرلارنى تازىلاپ، تومۇرلارنىڭ ئېلاستىكلىقىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

مۇھەررىرى: زۇلھايات ئەبەيدۇللا

# مۇھەببەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ

## جىنسىي تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت توغرىسىدا مۇھاكىمە

«ئائىلە دوختۇرى» ژۇرنىلى قانات يايدۇرغان جىنسىي تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. مەن پەقەت بۇ مۇنازىرىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئازراق بىر نەرسە يېزىپ بېرىشنى لايىق تاپتىم.

ھاياتلىقتا تەرەققىياتقا ئىنتىلىشتىن باشقا جىنسىي تۇرمۇش بىلەن مۇھەببەت ئىنسانلارنى ھەممىدىن بەك قىزىقتۇرىدۇ. تىرازى بىر مىليوندىن ئاشىدىغان «ئائىلە دوختۇرى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر ئائىلە ۋە قورامىغا يېتىكەنلەرگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بۇ مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇشى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش.



كەڭ كىتابخانلارنىڭ بۇ مۇھاكىمىگە بولغان قىزغىنلىقىدىن بۇ تېمىنىڭ كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى كۆرۈپ، ئاپتورلار ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنىڭ ناھايىتى ئەمەلىي، ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. خېلى كۆپ ماقالىدە ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ تەسىراتىنى يېزىپ، جىنسىي تۇرمۇش بىلەن مۇھەببەتنىڭ ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى كۈچەيتىشتە، ئىناق، بەختلىك ئائىلە قۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى شەرھلىگەن. ئاز ساندىكى ماقالىلەردە قارمۇ قارشى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىر خىل پىكىرگە چىن شۇنىڭ «ماڭا مۇھەببەت بولسىلا كۇپايە. جىنسىي تۇرمۇش بولمىسىمۇ بولىدۇ» دېگەن ماقالىسى ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ ماقالىسىدە مەشھۇر تارىخشۇناس ۋۇخەن بىلەن ئەنگلىيىلىك شائىر ۋىليام بىلاكنى مىسالغا ئالغان. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ يېتىپ قالغان ئاياللارنى ياخشى كۆرگەن. ۋىليام بىلاك ياخشى كۆرگەن ئىلزابېت ساس يالغۇز بولۇپ يېتىپ قالغان بولسىمۇ، جىنسىي تۇرمۇش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىك ئۇ

ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ بەختلىك، ئىناق ئەر - خوتۇن بولۇشىغا توسالغۇ بولالمىغان. شۇڭا ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

چىن شۇنىڭ كۆز قارىشىنىڭ ئەكسىچە لۇۋىي بىلەن ياڭ جىلار ئۆزلىرىنىڭ ماقالىسىدە «جىنسىي تۇرمۇش بولمىسا مۇھەببەت خۇنۇكلىشىپ قالىدۇ»، «نىكاھنى جىنسىي تۇرمۇش ئارقىلىقلا ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ» دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جىنسىي تۇرمۇشنىڭ ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشى خېلى بىر قىسىم كىتابخانلارنىڭ كۆز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇھاكىمىگە قاتناشتۇرۇلغان نۇرغۇن ماقالىلەردە ھەر خىل كۆز قاراشلار ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇلارنىڭ پىكرىنىمۇ ئورۇنلۇق دېيىشكە بولىدۇ.

مېنىڭچە، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتىكى ئەر-خوتۇنلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشى بىلەن مۇھەببىتى ھامان بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. دەل مانا مۇشۇنداق بىرلىشىش، نىكاھ تۇرمۇشىنى بەختلىك بولۇشتىن ئىبارەت يۇقىرى پەللىگە چىقىرىدۇ.

مۇھەببەت ئىنسانلارغىلا خاس بولغان، مەدەنىيلەشكە ئەرزىيدىغان بىر خىل ئالىيجاناب ھېسسىيات. جىنسىي تۇرمۇش تەبىئىي تۇيغۇ بولۇپ، ئۇ ھايۋانلاردىمۇ بولىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ئىنسانلارنىڭكىدەك ئۇنچە قويۇق بولمىسىمۇ، ئەمما ھايۋانلار توپىدىكى ئانا - بالىلىق مۇھەببەت، دوستلۇق مۇھەببەت، جۈپلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتمۇ كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. بىز قۇشلارنىڭ بۇنىڭغا دائىر نۇرغۇن ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغان. مەن سىلەرگە كىچىك ۋاقتىمدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي: بىر كۈنى مەن بىر نەچچە دوستلىرىم بىلەن يېزىدىكى ئورمانغا قۇش تۇتقىلى بېرىپ، بىر جۈپ سېغىزخاننىڭ بىرسىنى ئېتىپ چۈشۈردۇق. ئېغىر يارىلانغان سېغىزخان يەردە تىپىرلاپ ياتاتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن يەنە بىر سېغىزخان ھېچنېمىگە قارىماي، دەرەختىن يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى - دە، ۋەھىمىلىك بىر ئاۋاز چىقىرىپ قاناتلىرىنى كەرگەن پېتى دەلدەڭشىپ، مېڭىپ، يەردە ياتقان سېغىزخاننىڭ ئەتراپىدا توختىماي پىرقىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاشىق غەزەپلىك ئاۋازىدىن ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى جان تىكىپ قوغداۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ سەبىي قەلبىمىزنى تىترىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەندەك يەردە ئىڭراپ ياتقان ئولجىمىزنىمۇ ئالماي ئورمانلىقتىن كەتتۇق. شۇ قېتىمقى جانلىق مۇھەببەت تەربىيىسى ئۆمۈرۋايەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن ئۇنىڭدىن مۇھەببەتنىڭ كۈچى ۋە قىممىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. سېغىزخاننىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى، پىداكارلىقى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى ھەم مۇھەببەتنىڭ جەۋر - جاپا، خەۋپ - خەتەر، قىيىن توساقلارغا پەرۋا قىلمايدىغان، ھەتتا ئۆلۈم ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. كىچىككىنە قۇشمۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ئەنە شۇنداق باتۇرلۇق كۆرسەتتى. مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئالىيجاناب ھېسسىيات بىر قۇشنىمۇ قەھرىمانغا ئايلاندۇردى. ئىنسانلار دۇنياسىدا تىللاردا داستان بولغۇدەك مۇھەببەت ھېكايىلىرى ئاز ئەمەس. «تېتانىك ناملىق پاراخوت» دېگەن كىنونى كۆرگەن كىشىلەر بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ ھەسرەتلىك مۇھەببەت ھېكايىسىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمايدۇ. مۇھەببەت ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قورقماس قىلىۋېتىدۇ. «غەرق بولمايدىغان پاراخوت» ئېچىنىشلىق ھالدا غەرق بولىدۇ. ئەمما سۆيگۈ - مۇھەببەت مەڭگۈ غەرق بولمايدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان مۇھەببەت ھېكايىلىرى ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس. مۇھەببەت بىلەن ھېسسىياتنىڭ كۈچى بەزىدە ئاسمان-زېمىننى لەرزىگە سالىدىغان سېھرىي كۈچ ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا جىنسىي تۇرمۇش بىلەن

مۇھەببەتنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان تارازىدا مۇھەببەت ئىبىغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ھايۋانلار ھاياتلىقتا، كۆپىيىشكە موھتاج. ھاياتلىقتىكى تەبىئىي تۇيغۇ ئۇلارغا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇلارغا جىنسىي تۇرمۇش بولسىلا كۇپايە. ئىنسانلارمۇ ھاياتلىقتا، كۆپىيىشكە موھتاج. بىراق ئىنسانلاردا تەبىئىي تۇيغۇغا بولغان تەلەپتىن باشقا روھىي جەھەتتىكى ئېھتىياج، ھېسسىيات جەھەتتىكى ئىنتىلىش بولىدۇ. ئىنسانلار جىنسىي تۇرمۇشتىن باشقا مۇھەببەتكە تېخىمۇ موھتاج. شۇڭا نىكاھ تۇرمۇشىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغىنى جىنسىي تۇرمۇش بولماستىن، بەلكى مۇھەببەت.

ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىرلىشىشى جىنسىي تۇرمۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. جىنسىي تۇرمۇش جەھەتتىكى ماسلىشىش ئەر - خوتۇنلۇق مۇھەببەتنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. جىنسىي تۇرمۇش بولمىغان نىكاھ قارىماققا خاتىرجەمدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بىر خىل كەمتۈك نىكاھ ھېسابلىنىدۇ. بىز «مۇھەببەت بولسىلا كۇپايە، جىنسىي تۇرمۇشنىڭ كېرىكى يوق» دېگەن تەشەببۇسنى چوڭ گەپ قىلغانلىق دېيەلمەيمىز. ئەمما بۇ نىكاھقا نىسبەتەن تۆۋەن تەلەپ، تۆۋەن ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ.

جىنسىي تۇرمۇشنىڭ نورمال نىكاھ تۇرمۇشىدىكى ئورنى ئەلۋەتتە مۇھىم، لېكىن ئۇ بولمىسا نىكاھ نىكاھ بولماي قالىدۇ، دەپ تەكىتلەنسە، مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. لۈۋىي، ياڭ جىلار ماقالىسىدە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى مىسال قىلدى. ئەگەر نىكاھنىڭ پۇختا مۇھەببەت ئاساسى بولمىسا، جىنسىي تۇرمۇش جەھەتتىكى نۇقسان كۆپ ھاللاردا نىكاھنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. بىراق، جىنسىي تۇرمۇش بولمىغان نىكاھ ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئاز ئەمەس. كۆپلىگەن ئەر - خوتۇنلار ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نورمال جىنسىي تۇرمۇش ئۆتكۈزەلمەيدۇ، لېكىن بۇ خىل يېتىشسىزلىك ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھرىبانلىققا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. پىشىپ يېتىلگەن مۇھەببەت ئالدىدا باشقا نەرسىلەرنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. شېكسپىر مۇھەببەتكە ئىزاھات بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مۇھەببەت ۋايىغا يەتكەندە خۇددى يېقىملىق ناخشىغا ئوخشاش پۈتكۈل كائىناتنى لەرزىگە سالىدۇ». ۋۇخەن، ۋىلىيام بىلاكلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە ئېسىل پەزىلىتى ئارقىلىق كىشىلەرگە مۇھەببەتنىڭ گۈزەل لىرىكىسىنى يېزىپ قالدۇردى. مۇھەببەتنىڭ بىر خىل ئالىيجاناب، قىممەتلىك ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. جىنسىي تۇرمۇش بىلەن مۇھەببەتنى سېلىشتۇرغاندا مۇھەببەت ھامان بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

جىنسىي تۇرمۇش ھاياتلىق بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي تۇيغۇ. بۇ خىل تەبىئىي تۇيغۇ ھايات پىشىپ يېتىلگەندە پىشىپ يېتىلىدۇ، شۇنداقلا ھايات بىلەن تەڭ تۈگەيدۇ. مۇھەببەت كېيىن شەكىللەنگەن ۋە پىشىپ يېتىلگەن ھېسسىيات. بۇ خىل ھېسسىيات ھايات ئاخىرلاشقان تەقدىردىمۇ مەڭگۇ داۋاملىشىپ، ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

مۇھەببەت دەرەختە بولىدىغان مېۋىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ تەبىئىي ھالدا پىشىپ يېتىلىدۇ. شۇڭا ئۇ يۇمران مايسىغا ئوخشاش ئەتراپلىق پەرۋىش قىلىشقا موھتاج. مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈش، ۋايىغا يەتكۈزۈش ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا باغلىق. مۇھەببەت ئۈچۈن تەر تۆككەن ۋە كۈچ سەرپ قىلغان كىشىلەر باشقا نەرسىدىن مەھرۇم بولغان تەقدىردىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ. شۇڭا مۇھەببەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

**پاتىگۈل مۇھەممەتجان** (ت)

مۇھەررىرى: **خۇرشىدە بىلال**

# تۇغۇلغان كۈن ـ تۇغۇلغۇچىغىلا خاسمۇ

رىزۋانگۈل ئىمىن

ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، غەرب ئەللىرىدىن مەدەنىيىتىمىزگە سىڭىپ كىرگەن تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش، ئۇيغۇر قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى ھەم تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش قىزغىنلىقى ئۆيلەردىن رېستورانلارغا، كىچىكلىكتىن ـ چوڭلۇققا يۈزلىنىپ، دائىرىسى كېڭىيىپ، تۇرلۇك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارنى سۇكۇت ئىچىدىكى بەرداشلىق بىلەن يېڭىپ كېتىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلارغا يېڭى بىر خىل بېسىم ئېلىپ كەلدى. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ئۆز يۈرەك پارىلىرىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ھەر قانداق قىيىنچىلىق بولسىمۇ، تۇغۇلغان كۈنىنى دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تىرىشىدىغان، تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغاندەك ھېس قىلىدىغان بالىلارمۇ بۇنى ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ چوقۇم ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، دەپ قارايدىغان بولۇۋالدى. مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلىيەلمىسە، ئاتا ـ ئانىلارغا قېيدايدىغان، دوق قىلىدىغان ياكى قەرز ئېلىپ تۇرۇپ تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسىنى ئۆتكۈزىدىغان ئىشلارمۇ مەۋجۇت.

بۇ يەردە ئەڭ مۇھىم بىر نۇقتا ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتىدۇكى، شۇ پەرزەنت تۇغۇلغان كۈنى ئانا ئاچچىق تولغاقتىن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ، ئۇن جېنىنىڭ بىرسى قالىدۇ. پەرزەنت دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپ ئانا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بارلىقىنى ئاشۇ پەرزەنت ئۈچۈن تەقدىم قىلىدۇ.

تۇغۇلغان كۈن دەل ئانىنىڭ تۇغقان كۈنى.

تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش ئەسلى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆزىنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغانلىقىغا، بېقىپ، تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىنىڭ يەرگە چۈشكەندىكى ئاجىز، ئەمما يېقىملىق مېلودىيىسى بىلەن تەڭلا پەيدا بولغان خۇشاللىقىغا يەنە بىر قېتىملىق خۇشاللىق قېتىش بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى.

ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەجرىگە بىر ئۆمۈر جاۋاب قايتۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. لېكىن تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش بىلەن تۇغقان كۈننى خاتىرىلەش قوشۇلسا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور بولىدۇ. چۈنكى، بۇ بىر ئۆرتاق كۈن، كۈننى يىلغا، دەۋرنى دەۋرگە ئۇلايدىغان ئۈزۈلمەس ھالقا.

دەۋر يېڭىلىققا موھتاج. بىز سىڭىپ كىرىۋاتقان ئادەتلەرنى ئۆز پېتى قوبۇل قىلغاندىن كۆرە، شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ، مېغىزىنى يېيىشىپ، ماسلاشتۇرۇپ قوبۇل قىلساق، ئىقتىسادىي بېسىم كەلتۈرگەندىن كۆرە ئاددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزسەك دېمەكچىمەن.

قېنى دەۋرداشلىرىم، ئۆز جۈرئىتىمىز بىلەن تۇغۇلغان كۈننى تۇغقان كۈنگە چاتايلى. ئۇنىڭدىن تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ خۇشبۇي پۇراقلار چېچىلسۇن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆڭلى يايراپ ئېچىلسۇن.

مۇھەررىرى: قۇندۇز مۇھەممەد



# شېئىرلار

## ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

### ئوقۇپ قويساڭ بولاتتى سىڭلىم

ياتلىق بولۇپ كەتمەك بولۇپسەن،
باي ئوغۇلمىش، تاپقىنىڭ ـ جوراڭ.
مەن ئوقۇتقان كىچىكتىنىڭ ئەمما،
ئەسلىرىمدىن كەتمەيدۇ كۆلكەڭ.

قازناقلارغا قامايدۇ ھەقىچان،
روپاش بولۇپ كەتكىنىڭ كەتكەن.
«خېنىم» دېيدۇ ئۇ يەردە سېنى،
تار كوچىلار ئەركىڭنى يۇتقان.

قوش بۆشۈكنى تەۋرىتىپ ئۆمرۈڭ،
ئايۋانلاردا ئۆتەرمۇ دەيمەن.
بۇ ھاياتتا ئېرىشەر نەرسەڭ،
بىر جۈپ ئەركەڭ ـ گۆھەرغۇ دەيمەن؟

ئوقۇپ قويساڭ بولاتتى سىڭلىم،
ئوكيانلاردىن ئېشىپ ھەتتا سەن.
يارىشاتتىڭ مەكتەپلەرگە ھەي،
كەتتىڭ زايە ئىست، ئەستا سەن!...

* * * * * *

قىزىم دېيمۇ، سىڭلىممۇ سېنى؟
شوقلۇقۇڭنى قىلغاندا قوبۇل.
تەقدىرىڭگە تىلەيمەن، تەلەي،
سۆز بېرەلمەي كەتكەنىدە ئۇدۇل.

### قىز ساۋاقدىشىمغا...

غورىگۈل ئەرمەن سەھرادا ئۆسكەن،
ياراتمايتتىڭ كۆڭلۈمنى بەرسەم.
شۇ ئارمانلىق قەلبىڭنى ئەسلەپ،
يەپ قالاتتىم بەختىڭ ئۈچۈن غەم.

ئوقۇش يۇتتى ئايرىلدۇق بىزمۇ،
خوش دېيەلمەي قالدىم خۇمالىق.
«بەرسۇن تەقدىر ساڭا ئۇڭلۇق ئەر»
دەپ كەلدىمغۇ تۇتسا جۇدالىق.

شېئىر يازساڭ ئاخشامدا بەزەن،
قېرىشقاندەك قالسا توك ئۆچۈپ.
ئىلھامىڭنى ئاسراپ چىرايلىق،
شام يېقىشقا قوپامدۇ ئوقچۇپ؟

بالاڭ يىغلاپ قالغاندا ھەتتا،
تۇرالامدۇ بىر دەم پەپىلەپ؟...
مەن كۆتكەندەك بولمىسا بەختىڭ،
دەيمەن شۇنداق غەملىرىڭنى يەپ.

كۆرگۈم كېلۇر قىسمىتىڭنى بىر،
گەپ شۇنىڭغا يارىسام... دەيمەن.
شۇ ئاۋۋالقى چىكىڭ رايىڭنى،
كۆيلىرىمدىن تارىسام دەيمەن.

* * * * * *

### قىز ئوقۇغۇچۇمغا...

كىتابلارنى كەلسەڭ قۇچاقلاپ،
ياراشقاندەك ئىجتىھات ساڭا.
«چوڭ مەكتەپكە كەتسەڭ ئىلاھىم»
دېيمەن ھامان يوللاشتىن دۇئا.

بولساڭ ئويغاق ئانسەن سىڭلىم،
چۆل قالمىغاي بىزنىڭ كېلەچەك.
ئاسمانلارغا چىقايلى بىزمۇ،
ئەجداد ئەجرى بولمىسۇن ئەمچەك.

## تومۇرۇمغا ئاقتىڭ كۆي بولۇپ

## ئابدۇقادىر مۇسا

(ئايالىم خاتىرىسىگە)

ئاتالسامۇ ئاتاقتا شائىر،
يازالمىدىم ساڭا بىر مىسرا.
ئىزدىمىدىڭ كىيىردىن يوچۇق،
پاكلىق بولغاچ جىسمىڭغا ھەمراھ.

قەلبىمدىن تامچىسا قەترە،
ئىسسىۋالدىڭ ئۇنى قەلبىڭگە.
تۇڭلۇكلەردىن مارىسا ئىلھام،
جىن چىراغقا ياقتىڭ سەرەڭگە.

سىلىنىشتۇرۇپ ياقىمدىنىڭ پەقەت،
زەر ياقۇتلار قۇچاقلىنىغانغا.
تومۇرۇمغا ئاقتىڭ كۆي بولۇپ،
ئېقىن يانىپ دولقۇنلىرىمغا.

رەنجىشلەرگە بولمىدى نېسىپ،
قەلبىڭدىكى بۇيۇك ئەقىدە.
قوشۇۋېلىپ كۆيۈمگە سېنى،
تۇۋلىغۇم بار مەڭگۈ قەسىدە.

# غەزەللەر

## ئىدرىس مەتسېيىت

*  *  *

كەل ئانا ئىچكىن يۈنۈم، گۆش ـ ياغ سېلىپ بىر ئاش ئېتەي،
ئايلىنىپ كۆرسەڭ بازار، كەلگىن ئانا ھاپاش ئېتەي.

ھويلىغاچاچتىم ئۇرۇق، ئۈندى گۈلۈم پاخلان بولۇپ،
ھەر مىنۇت شۇ گۈلگە مەن مېھرىڭنى سۇ، قۇياش ئېتەي.

باشلىساڭ باغلارغا سۇ، مەيلى كېچە ۋە ياكى كۈن،
مەن سېلىپ مەزمۇت توغان، ئۆستەڭ ـ ئېرىق ھەم قاش ئېتەي.

سەگىنەي مېھرىڭ بىلەن يازدا يۇرەك ـ قەلبىمنى مەن،
قىشلىقى جۇد ـ دەلگۈدە تەپتىڭنى ئوت ـ ئاتەش ئېتەي.

كولىسا كىمكى سېنىڭ ماڭغان يولۇڭغا ئورنى،
مەن قىلىپ قەھرىمنى ، ياۋ قەلبىنى قان ـ ياش ئېتەي.

مېھرىبان جانىم ئانا، تۇۋرۇك پاناھىم سەن ماڭا،
يايرىغىن، كۈلگىن خۇشال، كۆڭلۈڭنى دائىم شاد ئېتەي.

سەن بىلەن ئاچتى چېچەك، چەككەن ئەجىر، مېھنەتلىرىم،
جەڭ ئارا ئۆمرۈم بويى مېھرىڭنى پەرمان ـباش ئېتەي.

*  *  *

ئوت ـ ئاتەش لاۋۇلدايدۇ مېنىڭ قەلبىمدە سەھراغا،
شاد ناخشام جاراڭلايدۇ يېڭى دەۋرىمدە سەھراغا.

سەھرادا تۇغۇلدۇممەن، كۆكۆل ـ كۆكسۈممۇ سەھرادەك،
گۈلخانلاپ تۇرار ئىشقىم شۇڭا ئەھرىمدە سەھراغا.

گۈل سەھرا، گۈلۈم سەھرا، مېنى شادلىقا چۈمدۈرگەن،
دولقۇنلاپ ئاقار مېھرىم، گۈزەل بەختىمدە سەھراغا.
سەھرانىڭ سۈيى ئەلۋەك، ھاياب قانىنايدۇ دولقۇندەك،
قانمايدۇ كۆزۈم زىنھار كۆرۈپ سەيلىمدە سەھراغا.

گۈل كۆردۈم ئەتىر ـ رەيھان، كۆكۈل تىنمايدۇ بالقۇندەك،
كۈچ ـ قۇدرەت قۇچاق ئاچقاچ ۋىسال بەسلىمدە سەھراغا.

سايرايدۇ كېچە ـ كۈندۈز كۆكۈل باغىمدا بۇلبۇللار،
گۈل رەڭگى ئانا قىلسام ئەجىر ـ بەھرىمدە سەھراغا.

باغلاندى يۈرەك رىشتىم گۈل سەھراغا چەمبەرچاس،
ئىشلەيمەن كېچە ـ كۈندۈز نۇرۇپ ئەھدىمدە سەھراغا.

*  *  *

تىنىم قۇرغۇيچىلىك دوستلار، قورقمايمەن بىراق شىردىن،
ئۇچالايمەن ئۇزۇپ كۆكتە، قاپاق تۇرسۇن تۇمان بىردىن.

مېنى تۇغدى ئۇلۇغ خەلقىم، قەدىرلىكمەن شۇڭا ھەر دەم،
ئۇنىڭ ۋەزنىنى بىلەر بولساڭ، ئېلىپ كەلگىن كۈمۈش گىردىن.

ۋەتەن مېھرى بېرىپ ئېرپان، ئەدەب ـ ئەخلاقتا چوڭ بولدۇم،
شۇڭا ئايدەك جامالىم بار، قەلب جامىم خالاس كىردىن.

ۋەتەن ئەجرى نەقىش بولدى ھارارەتلىك يۈرەكىمگە،
ئاڭا مەڭگۈ يۇقۇتمايمەن تېشى پال ـ پال سېپىق سىردىن.

ۋۇجۇدۇمدا نالاي دەرمان، ۋەتەن ئىشقى يانار ئوتتەك،
چېلىش ـ جەڭدە ئاشالايمەن نالاي جىلغا، نالاي قىردىن.

قۇچاق ئاچقاچ ماڭا گۈلزار ۋەتەن بەرگەچ تولۇق ئىمكان،
ئۈمۈرۋايەت ئۆتەرمەن شۇ چىمەنلەردە بولۇپ پىردىن①

*  *  *

ئاھ ئانا، جانىم ئانا، قالدۇق ئىشكتە ئۈچ بالا،
بوينىمىز بولدى تۈۋەن، بىزگە يېنىشلاپ بىر قارا.

ئاتىمىز مېھرى بىلەن جاراڭلىغان كۈلكىمىز،
كۈچ ـ قۇۋۋەت تاپقان ۋۇجۇد، بولغاچقا بىزگە سەن پاناھ.

مەگزىمىز گۈلدەك قىزىل، چوغدەك ئېچىلغان كۆڭلىمىز،
ھەر زامان بىزنى ئانا، قىلغاچ ئۆزۈڭگە مەھلىيا.

ناشلىماق بولدۇڭ... بۇگۈن، بىزنى يۈرەكىڭ پارىنى،
يان ئانا، غەمخانىمىز، تۈتتۇق قولۇڭدىن بىز مانا.

بىزگە باق، يانغىن كۈلۈپ، تاپسۇن مۇراد شۇ ئەتىمىز،
سەن ئۈچۈن قىلدۇق ئەبەد جاننى تەسەددۇق جان ئانا.

*  *  *

ئەجەبمۇ خارلىدىڭ دوستۇم ھاياتلىقتا ئايالىڭنى،
خازان قىلدىڭ باھارىنى سېلىپ ئىشقا ئامالىڭنى.

چېكىپ مېھنەت ئاشۇ رەنا، ئۆيۈڭنى ئەيلىسە گۈلزار،
ئۇنىڭغا ئاچمىدىڭ قىلچە ئۆتتۈپ يىل ـ ئاي، جامالىڭنى.

ئىچىپ چاينى، ئېلىپ لەززەت، چىقىپ كەتسەڭ سەھەر ئۆيدىن،
يېنىپ كەلدىڭ داۋام كەچتە، قىلىپ ياتقۇ ـ زاۋالىڭنى.

مەگەر تولىسا قولۇڭ پۇلغا، بۇزۇپ ـ چاچىڭ ئىچىپ ـ يايراپ،
ۋەلىك ئۆتتى گۈلۈڭ كۆرمەي شۇئان تۈت تال شاكالىڭنى.

كۈلۈپقەلبى قىزىل گۈلدەك يېنەرئەردى بېشى كۆككە،
ئۆتكەن بولسا بىر سۆمۈرۈپ باھاردەك شوخ شامالىڭنى.

*  *  *

مەھبۇبەڭ كۆز يۇمدى ئاھ، ئەمدى گېپىنى قىلمىغىن،
ياش تۆكۈپ، ئاھلار ئۇرۇپ مەرھۇم ئېتىنى قىلمىغىن.

زىلزىلە قوزغاپ بۈگۈن، ناشلاپ ئۆزۈڭنى قەبرىگە،
قالدۇرۇپ ئەل كۆڭلىدە كەتكەن دېتىنى قىلمىغىن.

يازلىقى باغنى ئوناپ، باشلاپ كۆچەتكە ئۇ سۈنى،
ئۆگزىگە سالغان گۈلە، قەندەك قېقىنى قىلمىغىن.

ئايرىلىپ كەتسەڭ يىراق، ئۆيدىن بۇرادەر ھەپتىلەپ،
قەلبىدىن دوستۇم ساڭا يازغان خېتىنى قىلمىغىن.

باردا ھېچ يەتمىدىڭ دوستۇم نىگارىڭ قەدرىگە،
ئەمدى قوي، ئۇ گۈللىگەن باغنىڭ چېتىنى قىلمىغىن.

---

① پىر ـ ئۇستاز مەنىسىدە.

مۇھەررىرى: قۇندۇز مۇھەممەد

1998 - يىل

دېكابىر

(132)

# ئاياللار خىزمىتىدىن ئۇچۇرلار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى ئەزالىرى:

رەئىس: **رىزۋان ئەبەي** (پارتكورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)

مۇئاۋىن رەئىسلەر: **جىڭ خەييەن** (پارتكورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)

**سەدەبقان سەكتاي** (پارتكورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى)

**گۈلشات ئابدۇقادىر** (پارتكورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى)

**تۇفىگېلى** (پارتكورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى)

△ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچىدە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. 429 نەپەر ۋەكىل ۋە ئۈرۈمچىدىكى 3000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرى تولۇپ- تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى تيەن شۇلەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جۇ شېڭتاۋ، ۋاڭ چەنيۇ، ئابدۇرېھىم ھامىد، چېن دېمىن، خۇجىيەن، ئىسمايىل تىلىۋالدى، جاڭ شيۇمىڭ، خەلىچەم ئىسلام، پاشا ئىشان، جياڭ سەي، ماھىنۇر قاسىم، ئامىنە غاپپار، ۋاڭ شىجېنلار ۋەكىللەرنى سەممىي قوبۇل قىلدى ھەمدە بىللە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى ۋە قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا، قۇرۇلتاينىڭ ئىجرائىيە رەئىسى جىڭ خەييەن قۇرۇلتاينىڭ رەسمىي ئېچىلغانلىقىنى جاكارلىدى. يىغىن زالىدا ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ياڭرىدى. ئېتىك، ئۇماق پىئونېرلار داقا- دۇمباق ساداسى ئىچىدە گۈل دەستىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ، يىغىن زالىغا كىرىپ، سۆيۈملۈك موملىرى، ئانىلىرى ۋە ھەدىلىرىگە ئاتاپ بېغىشلىما ئوقۇدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتاينى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئۇ بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئىشلىگەن خىزمەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىنتايىن ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرماقتا. بۇلار ئاياللارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ». پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرىدىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشنى، «ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش»، «ئاياللار نەتىجە يارىتىش» پائالىيىتىنى داۋاملىق، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي بوشاشماستىن كۈرەش قىلىشنى، ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، «ئىككى قانۇن»، «ئىككى پروگرامما»نىڭ يولغا قويۇلۇشنى يەنىمۇ ئالغا سۈرۈپ، ئاياللار، بالىلارنىڭ ياشاش، تەرەققىي قىلىش شارائىتىنى داۋاملىق ياخشىلاشنى، پارتكومنىڭ تەشكىلات تارماقلىرىغا پائال ماسلىشىپ، ئايال كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئاياللاردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «نېفىت، پاختا» ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلدى. مۇئاۋىن شۇجى جۇ شېڭتاۋ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىن يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاياللار خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇن ۋە ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسىغا ئاساسەن خىزمەتلەرنى مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا ئىجادىي قانات يايدۇرۇشىغا مەدەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

يولداش رىزۋان ئەبەي 7 - نۆۋەتلىك

ئىجرائىيە كومىتېتىغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتايغا خىزمەت دوكلاتى بەردى. خىزمەت دوكلاتىدا 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدىن بۇيانقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلگەنلىكى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ تۆرلۈك خىزمەتلىرىنى جۈملىدىن ئاياللار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئۈچۈن ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى شەرھلەندى. خىزمەت دوكلاتىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق ئاياللار خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دوكلاتتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىدىن جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئاياللار يېڭى ئىگىلىك يارىتىش» توغرىسىدىكى چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇش تەلەپ قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرىدىن ئاياللارنى ئىگىلىك يارىتىش روھى ئارقىلىق، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدا تۇرۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان ساھە، ئىش ئورنىدا نەتىجە يارىتىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ، يېڭىچە قىياپەت بىلەن دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە مىللەتنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن يېڭى نەتىجە يارىتىشقا يېتەكلەش تەلەپ قىلىندى.

قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، يولداش خۇاڭ ياجۇن ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتاينى تەبرىكلىدى. ئۇ ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنى ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە پائال ئاتلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك قاتنىشىش جەريانىدا ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا تۆھپە قوشۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى ئالغا سۈرگەنلىكىنى مەدھىيىلىدى.

ئېچىلىش مۇراسىمىغا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەر قايسى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار، بالىلار خىزمەت كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئازادلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ مەسئۇللىرى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئايال كادىرلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى قاتناشتى.

**△ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 13 ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى**

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن كېلىدىغان 13 ئۆمەكتىكى 400 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ۋەكىل ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كەچتە، قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق يىغىنى، ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ 1 - يىغىنى ۋە ۋەكىللەر ئۆمەك باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، باش كاتىپلار يىغىنى ئېچىلدى.

تەييارلىق يىغىنىغا يولداش رىزۋان ئەبەي رىياسەتچىلىك قىلدى. بارلىق ۋەكىللەر يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايون ئاياللىرى 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ كۈنتەرتىپى ماقۇللاندى؛ ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەشكىللىنىش ئىسىملىكى ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايون ئاياللىرى 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى، باش كاتىپ، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكى ماقۇللاندى.

يولداش رىزۋان ئەبەينىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئاپتونوم رايون ئاياللىرى 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل رەئىسلىرىنىڭ ئىسىملىكى، قۇرۇلتاينىڭ كۈنتەرتىپى، ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ماقۇللاندى ھەمدە قۇرۇلتاينىڭ «سايلام چارىسى» قاراپ چىقىلىپ، ئۆمەكلەرنىڭ تەشكىللىنىش لايىھىسى تونۇشتۇرۇلدى.

429 نەپەر ۋەكىل ئىچىدە رەسمىي ۋەكىل 400 نەپەر، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل 29 نەپەر بولۇپ، بۇلار ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپ، ھەر مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئۆتكەن نۆۋەتتىكى قۇرۇلتايغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ نۆۋەتتىكى ۋەكىللەر كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە، مەدەنىيەت ساپاسىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى، ياش قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇۋاپىق. ۋەكىللەر ئارىسىدا ئاياللار كادىرلىرى 47.75 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ: سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە، مالىيە - سودا، پەن - تېخنىكا، سىياسىي - قانۇن، ئاخبارات - نەشرىيات، مەدەنىيەت - سەنئەت، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ھەمدە ئازادلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىم، بىرلىكسەپ قاتارلىق ھەر ساھەدىن تەركىپ تاپقان ئاياللار 52.25 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ؛ كومپارتىيە ئەزاسى ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 70.75 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار ۋە پارتىيىسىز گۇرۇھلار ۋەكىللىرى 27.5 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 65 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

«ئاياللار خىزمىتىدىن ئۇچۇر» دىن ئېلىندى

مۇھەررىرى: گۈلباھار ئانسىر

# ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالىيجاناب مىجەز ـ خۇلقىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ناچار كەيپىياتىنى تەگشەش

كۈرەشجان ئۆمەر

ئالىيجاناب مىجەز ـ خۇلق كىشىلەرنىڭ ھەققانىي ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ناچار كەيپىيات ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ ياخشى بولماسلىقىغا سەۋەب بولىدىغان بىر ئامىل. شۇڭا ئالىيجاناب مىجەز ـ خۇلقنى يېتىلدۈرۈش ۋە ناچار كەيپىياتنى تۈگىتىش ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى. شۇنداق ئىكەن ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالىيجاناب مىجەز ـ خۇلقىنى يېتىلدۈرۈپ، ناچار كەيپىياتىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشى لازىم.

بىرىنچى، ياش ـ ئۆسمۈرلەردە ئىلمىي بولغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە دۇنيا قاراشنى يېتىلدۈرۈش لازىم. بىر كىشىنىڭ ھېسسىياتى ۋە كەيپىياتى ئۇنىڭ ئاڭ جەھەتتىكى مايىللىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئوخشىمىغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە دۇنيا قاراشقا ئىگە ھەر قانداق ئادەم ئوخشىمىغان كەيپىيات ۋە ھېسسىياتقا ئىگە بولىدۇ. ياش ـ ئۆسمۈرلەردە ئىلمىي بولغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بىلەن دۇنيا قاراشنى تۇرغۇزغاندىلا، ئاندىن ئۇلاردا ئالىيجاناب مىجەز ـ خۇلق، چوڭقۇر دوستلۇق مېھرى، مۇھەببەت ۋە نەپرەتنى ئېنىق بولغان ھېسسىيات، ساغلام گۈزەللىك ھېسسىياتى شۇنىڭدەك ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە ئىلىم ـ پەنگە بولغان تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق روھىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھېسسىيات تۇيغۇسىنى بېيىتىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ① ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ھېسسىيات ئۇقتىشىنى زېرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، بىلىش بىلەن ھېسسىيات تۇيغۇسىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاق توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئۇنىڭغا قوشۇپ ھېسسىيات تەربىيىسىنىمۇ تەڭ ئېلىپ بېرىش لازىم. تەقدىرلەش بىلەن تەنقىدلەش ئۆز ۋاقتىدا بولۇشى، مەنىۋى بولۇش ۋە ئىنكار قىلىش تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى لازىم ② ئوقۇتقۇچى تۈرلۈك سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە جانلىق ئەمەلىي پاكىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوبرازلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى ئورتاقلىقىنى ئۇرغۇتۇش ئارقىلىق ھېسسىيات مەزمۇنىنى تولۇقلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىيات تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش لازىم ③ ساغلام كەيپىيات تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىدا مۇقىم ۋە چوڭقۇر ھېسسىيات تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارنى تار دائىرىدىكى يۇرتۋازلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا تەدرىجىي يېتەكلەپ، ئۇلارنى ۋەتەنگە، خەلققە بولغان قىزغىنلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي چۈشەندۈرگەن ۋە ئۇنى ھېس قىلىپ يېتىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگەندىلا، ئاندىن ئۇلاردا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى قوزغىغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تاشقى سەۋەبلەرنىڭ تەسىرىنى يېڭىشكە يېتەكلەش لازىم. باشقىلارنىڭ بۇزەك قىلىشى، مەلۇم ئىشلارنى قىلىپ قويغىنىدىن خىجىل بولۇش، ئۆزىنى ئارتۇقچە ئەيىبلەش ياكى يالغۇز خىيال سۈرۈش، ئائىلە ياكى كوللېكتىپنىڭ ناھەق مۇئامىلىسى، نامۇۋاپىق جەكلىمە ۋە ئەيىبلەش، بەزى ئوڭۇشسىزلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇپ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىكا ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ جەھەتتە ئوقۇغۇچىلارنى ۋاقتىدا تەربىيىلەپ يېتەكلىمىگەندە ئۇلاردا چۈشكۈنلىشىش، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ئادەملەردىن قورقۇش ياكى يامان يولغا مېڭىش قىلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ خىل چىگىشلىكنى تۈگىتىپ، ياخشى ھېسسىياتنى تۈگىتىش ئۈچۈن مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا ئېتىبار بېرىش لازىم.



1. ئۇقۇغۇچىلاردا پاسسىپ ھېسسىيات پەيدا قىلىدىغان غوۋا كۆز قاراشلارنى تۈگىتىش لازىم. ئۇلارنىڭ ئىپتىخارلىنىش بىلەن شۆھرەتپەرەسلىك، پەخىرلىنىش بىلەن مەغرۇرلىنىش، ھەۋەس قىلىش بىلەن ھەسەت قىلىش قاتارلىق ئوخشىمىغان پىسخىك پەزىلەتلەرنىڭ ھەق - ناھەق چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىغا سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بېرىش كېرەك.

2. ئاددىي ھالدا چەكلىمەي، يېتەكچىلىك قىلىشقا ماھىر بولۇش لازىم. ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئۆزلىرىنى مۇۋاپىق ئىدارە قىلىش ۋە يۇكسەلدۈرۈش ئارقىلىق كەيپىياتىدىكى چېچىلاڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەش لازىم. مۇۋاپىق ئىدارە قىلىش ۋە يۇكسەلدۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى تۈگىتىپ، پىسخىك جەھەتتىكى بېسىمى بىلەن جىددىيچىلىكنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

3. ئوقۇغۇچىلاردىن گۇمان قىلماسلىق، ئۇلارنى كەمسىتمەسلىك، ئۇلارنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىنسانىي پەزىلىتىگە ئازار بەرمەسلىك كېرەك. بولمىسا ئۇلاردا ئاسانلا قارشىلىشىش كەيپىياتى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ھەرىكەت ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈپ، ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق قايىل قىلغاندا، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلاردىكى ئەنسىرەش بىلەن قارشىلىشىش كەيپىياتىنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ پاسسىپ كەيپىياتىنى يەڭگىلى بولىدۇ.

4. ئىجابىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئاكتىپ كەيپىيات ئارقىلىق پاسسىپ كەيپىياتنى يېڭىش لازىم. ياش - ئۆسمۈرلەر پائال يۇقىرى ئۆرلەش ھالىتىدە تۇرغاچقا، ئوقۇتقۇچى ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى يېلىنجاپ تۇرغان نەرسىلەرنى بايقاپ ئىگىلەشكە ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىدىكى شۆھرەتپەرەسلىك، ئۆزىنى ئەيىبلەش پىسخىكىسى، نەپسانىيەتچىلىك، ئىناقسىزلىق ھېسسىياتىنى يېڭىشكە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

5. ياش - ئۆسمۈرلەرنى كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەش لازىم. ياش - ئۆسمۈرلۈك دەۋر دەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاراكتېرى قوپاللىشىپ، ئاسانلا ئاچچىقلىنىدىغان مەزگىلدۇر. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنى كەمتەرلىك پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە، كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇشقا، ئادەملەرگە ۋە ئىشلارغا كۆپ تەرەپلىمە ۋە كۆپ نۇقتىدىن قاراشقا، ئۆزىدىكى ناتوغرا ھېسسىياتنى ئاڭلىق تىزگىنلەش ۋە تەڭشەشنى ئۆگىنىۋېلىشقا يېتەكلەش لازىم. بۇلار ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزلىرىدىكى قوپاللىق، باشباشتاقلىق ئىللەتلىرىنى تۈزىتىپ، ئالىيجاناب مىجەز - خۇلقنى يېتىلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇھەررىرى: **قۇندۇز مۇھەممەد**

## بوۋاقلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىشى

ئەنگلىيە ئالىملىرى يېقىندا بوۋاقلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

ئەنگلىيە بورستول پادىشاھ جەمەتى باللار دوختۇرخانىسى تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «بالىنىست دوختۇرى» ناملىق ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: بوۋاق تۇغۇلۇپ بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا ئاتا - ئانىسىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشىغا موھتاج بولىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانا بولغۇچى يۇنىڭغا سەل قارىسا بوۋاق بىئارام بولۇشقا باشلايدۇ - دە، بۇ ھال ئۇزاقراق داۋاملاشسا بوۋاقنىڭ نەپەس يولى مۇسكۇللىرىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ. ئەگەر ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بوۋاق ئاتا - ئانىسىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشەلمىسە، ئۇيقۇسى ناچارلىشىپ، مۇۋاپىق بولمىغان ئۇخلاش ھالىتى شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇ بوۋاقنىڭ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئالىملار يەنە شياڭگاڭ رايونىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشتىكى جۇڭگو ئائىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: جۇڭگودىكى ئاتا - ئانىلار كېچىسى بوۋاقلار بىلەن بىرگە يېتىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا جۇڭگو بوۋاقلىرىنىڭ نەپەس يوللىرىنىڭ يېتىلىشى ياخشى بولۇش بىلەن بىرگە تۇنجۇقۇپ قېلىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىسى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

**ئارزۇگۈل ئەمەت** (ت)

مۇھەررىرى: **زۇلھايات ئەبەيدۇللا**

# سۈيىقەست

(ھېكايە)

**ئادىلە ئابدۇللا**

ئۈرۈمچىدىن گۋاڭجوۇغا قاراپ ئۇچقان ئايروپىلان بىپايان كۆك قەھرىگە كۆتۈرۈلدى. يولۇچىلار ئىچىدىكى ئېسىل كىيىنگەن بىر جۈپ ئۇيغۇر قىز - يىگىت كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى. بۇلار شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ماڭغان شۆھرەت بىلەن لالە ئىدى. شۆھرەت گەدىنىگىچە ئۆزۈن چاچ قويۇۋالغان، قارامتۇل كەلگەن، ئېگىز بويلۇق يىگىت بولۇپ، چىرايىدىن ھەقىقىي ئەركەكلەرگە خاس بىر خىل قاراملىق چىقىپ تۇراتتى. ئاق يۈزلۈك، قاشلىرى بەرگى قىياقتەك، قاپقارا كۆزلىرىدىن بىر خىل سېھرىي كۈچ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان گۈزەل قىز لالە خۇددى ئۇستا رەسسامنىڭ قولىدىن چىققان مۇكەممەل سۈرەتكە ئوخشايتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئايروپىلان ئەينىكىدىن سىرتقا قارىغىنىچە، شېرىن خىياللارغا چۆمگەنىدى. لالە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، مەكتەپنىڭ ئەڭ سەر خىل گۈلى ئىدى. نۇرغۇن يىگىتلەر بۇ گۈلنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولۇشىنى ئارمان قىلىشاتتى. لالە تەگرى ئۆزىگە سېخىيلىق بىلەن ئاتا قىلغان گۈزەل ھۆسنىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنى قوغلىشىپ يۈرگەن نۇرغۇن يىگىتلەر ئىچىدىن ئۆزى قاملاشقان، ئائىلىسىنىڭ جەمئىيەتتە ئورنى ۋە پۇلى بار يىگىت پەرھاتنى تاللىدى. پەرھات لالەنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ھېچنەرسىسىنى ئايىمايتتى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن لالە پەرھاتنىڭ دادىسىنىڭ يول مېڭىشى بىلەن ياخشى خىزمەت ئورنىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئەمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇسى پەرھات بىلەن توي قىلىپ، گۈزەل جايلارغا بېرىپ شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈش ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىمۇ ئىشقا ئاشقان بولار ئىدى. لېكىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى پەرھاتنىڭ دادىسى ئۇشتۇمتۇت قوزغالغان يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئاپىسى ۋە ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئىنىسىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش پەرھاتنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. پەرھاتنىڭ دادىسىنىڭ ئەزىرىسىنى بەرگەن كۈنى لالە ئېزىلىپ ئۇزاق يىغلىدى. بۇنى بولغۇسى قېيناتىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ ياش تۆكتى دېگەندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ بەربات بولغان ئارزۇسى ئۈچۈن ياش تۆكتى دېگەن تۈزۈك ئىدى.

بىر كۈنى لالە بىر دوستىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قېلىپ كەچ قالدى. ئاپتوبۇستا بىر نەچچە لۈكچەك ئۇنىڭغا يېپىشىۋالدى. ئۇ ئۆيىگە يېقىن بېكەتتە ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋىدى، ھېلىقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چۈشتى. لالە قورقىنىدىن جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى. لۈكچەكلەر ئۇنى قوغلاشقا باشلىدى. دەل شۇ جىددىي پەيتتە بىر ئېسىل پىكاپ ئۇنىڭ يېنىدىلا تورمۇز قىلدى.

ـ قىزچاق، ياردىمىم كېرەكمۇ؟

ماشىنا ئىچىدىن ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغان بىر يىگىتنىڭ بېشى كۆرۈندى. لالە ئۇن نەچچە قەدەم نېرىدا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان لۈكچەكلەرگە قاراپ ئويلىنىپ تۇرمايلا ماشىنىغا چىقتى. يىگىت لالەنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تونۇشۇپ قالدى. يىگىتنىڭ ئىسمى شۆھرەت بولۇپ، ئادەتتە گۋاڭجوۇدا تۇراتتى. دەسلەپتە ئۇلار ئادەتتىكىچە ئارىلاشقان بولسىمۇ، كېيىنچە شۆھرەتنىڭ كېلىشكەن قامىتى، مەردلىك بىلەن پۇل خەجلەپ قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىشى ۋە ئۇ ۋەدە قىلغان كەلگۈسىدىكى گۈزەل تۇرمۇش لالەنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. پەرھاتنىڭ ئۇنى ئەيىبلەپ ئېيتقان سۆزلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ نەسىھەتلىرىمۇ لالەنى شۆھرەت بىلەن توي قىلىشتىن ياندۇرالمىدى.



توي كېچىسى شۆھرەت لالەگە گۋاڭجوۇدا شېرىن ئاينى ئۆتكۈزۈپ كەلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە تو-

رۇپ داۋاملىق سودا قىلىدىغانلىقىنى، لالەنى دەپ ئىچكىرىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ئۆيلىرىنى سېتىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، لالە ئۇنىڭغا ئۇزۇن بىر سۆيۈش ھەدىيە قىلدى...

— خېنىم، ئۇسسۇزلۇق لازىممۇ؟ — ئايروپىلان كۈتكۈچىسىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى لالەنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ بىر ئىستاكان ئۇسسۇزلۇقنى ئېلىپ رەھمەت ئېيتتى — دە، ئاستا ئىچىشكە باشلىدى. ئايروپىلان گۋاڭجۇ ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار تاكسىغا ئولتۇرۇپ ھەشەمەتلىك بىر قورۇغا كەلگەندە، شۆھرەت «بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئۆيى بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى. لالە چەكسىز بەخت قوينىغا چۆمدى. ئۇلار كۈندە سىرتلارغا چىقىپ گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلاتتى. ئېسىل رېستورانلارغا كىرىپ غىزالىناتتى. شۆھرەت لالەگە قىزغىن، مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەردلىك بىلەن پۇل خەجلەيتتى. تۇتقىنىنى ئېلىپ بېرەتتى. لالە ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايال دەپ ھېس قىلاتتى. ئۇمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېرىنى خۇشال قىلىشقا تىرىشاتتى. شېرىن ئايلار بەكمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بىر كۈنى شۆھرەت لالەگە:

— سۆيۈملۈكۈم، بۈگۈن بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارىمىز، چىرايلىق ياسىنىڭ، ئۇلار سىزنىڭ گۈزەل جامالىڭىزدىن ھەيران قالسۇن، — دېدى. لالەنىڭ ئۇ يەرگە بارغۇسى يوق ئىدى. ئۇ شۆھرەتكە ئۆيىنى تېزرەك سېتىپ يۇرتىغا قايتىشنى ئېيتماقچى بولدى — يۇ، ئۇنىڭ نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتقان تۇرقىغا قاراپ گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ ئالدىراپ جابدۇنۇشقا باشلىدى. لالە بۈگۈن ئېرىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ ياساندى. شۆھرەت ئۇنىڭ گۈزەل قىياپىتىگە قاراپ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە لالە بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل غەلىتە نۇر چاقنايتتى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە ئۆيدىكى ۋاراڭ — چۇرۇڭ بېسىقىپ ئۇن نەچچە جۈپ كۆز ئىككىسىگە تىكىلدى. لالە سۇر باسقان ھالدا ئۆي ئىچىدىكىلەرگە سەپسالدى. ئۆيدە يەتتە — سەككىزچە ئەركىشى بىر ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇراتتى. ئۈستەلدە ھەر خىل قورۇملار ۋە ھاراق بار ئىدى. قېنىق گىرىم قىلغان، يوتىسىنى ئاران يېپىپ تۇرىدىغان قىسقا يوپكا كىيگەن ئىككى قىز قوللىرىنى ئەرلەرنىڭ مۈرىسىگە ئېلىپ لالەگە قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇراتتى. يۈزىدە تارتۇقى بار، تەمبەل كەلگەن بىر ئەر ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ ھىجىيىپ، لالەگە قاراپ:

— كېلىنگە، چىرايلىق قىزچاق، ئاكىڭىز بىلەن تونۇشۇۋېلىڭ، — دېگىنىچە كېلىپ قىزنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى. لالە ھودۇقۇپ شۆھرەتكە قارىۋىدى، ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم ھالدا تاماكا تۇتاشتۇرۇشقا باشلىدى. ھېلىقى تەمبەل ئەر لالەنى بېلىدىن قۇچاقلاپ ئۈستەلنىڭ يېنىغا ئاپارماقچى بولۇۋىدى، لالە «مېنى قويۇۋەت لۈكچەك» دېگىنىچە يۇلقۇنۇپ چىقتى ۋە شۆھرەتكە قاراپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— مېنى مۇشۇنداق يەرگە باشلاپ كەلدىڭىزمۇ، تېز ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇڭ.

شۆھرەت تاماكىسىنىڭ ئىسىنى ئالدىرىماي پۈۋلەپ زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— گۈزىلىم، نەدىكى ئۆيىنى دەيسىز، بىز شېرىن ئايلىرىمىزنى ئۆتكۈزۈپ بولدۇق. ئەمدى ماۋۇ قىزلارغا ئوخشاش بىز بىلەن بىللە پۇل تاپىسىز. سىز نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان خەجلىگەن پۇللارنى بىكاردىن كەلگەن دەپ قاراپسىز — دە، — دېدى. لالەنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پەرھاتنىڭ «لالە، سەن ئۇنى قانچىلىك چۈشىنىسەن، سەن قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈڭنى گۆرگە ئىتتىرىۋاتىسەن» دېگەن غەزەپلىك ئاۋازى جاراڭلىغاندەك بولدى. لالەنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇ ئازاب بىلەن لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى. ھېلىقى ئالتۇن چىش «كېلىنگە، ئومىقىم، تارتىنماڭ» دەپ ھىجايغىنىچە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئۇ قورققىنىدىن چېكىنىپ، تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ قالدى ۋە يېنىدا تۇرغان توكنىڭ كونۇپكىسىنى تېزلىك بىلەن باستى — دە، قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ سىرتقا قاراپ قاچتى. ئۆيدىكىلەر ۋاراڭ — چۇرۇڭ قىلىشىپ ئۇنى قوغلاپ چىقىشتى. لالە جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرەيتتى. كوچا دوقمۇشىدا لالە ئالدى تەرەپتىن ناھايىتى تېز كېلىۋاتقان بىر ماشىنىنى كۆرۈپ سەل — پەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ماشىنىغا ئۆزىنى ئاتتى.

مۇھەررىرى: غەلىبە مۇھەممەد

# روس ئاياللىرى كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ

**△ ئۆزگىرىشلەردىن چۆچۈپ كەتمەيدىغان روس ئاياللىرى**

ئانناكوف مۇسكۋادىكى بىر داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ سىياسەت كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1989 - يىلى 24 ياشلىق ئاننا مۇسكۋا ئايرودرومىنىڭ باج كەچۈرۈم قىلىنغان ماگىزىنىنىڭ ۋاكالىتەن ساتقۇچىسى بولۇشنى ئىلتىماس قىلغاندا دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى «ساراڭ بوپتۇ» دېيىشكەن. ئېنىقكى، بۇ خىزمەتنى قىلىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن سالاھىيىتىنى يوقاتقانلىق بولاتتى. 1989- يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېخى پارچىلانمىغانىدى. بىراق ئاننا ئاشۇ ۋاقىتتىلا بىر سىياسىئوننىڭ كاتىپى بولغانغا قارىغاندا ئەتىر سېتىشنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلغانىدى. «مەن ئۆزۈمنىڭ داچىسى بولۇشنى، چەت ئەللەردە ساياھەت قىلىشنى ئويلايمەن. مەن بىلىمەن، پۇل قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ئەركىن بولغىلى بولىدۇ». ئاننا توغرا قىلغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ كەسپكە پىششىق، ئېغىر - بېسىق، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، كىيىنىش، ياسىنىشتا قۇسۇر تاپقىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولۇپ، يىلىغا بەش تۈمەنگە يېقىن ئامېرىكا دوللىرى (روسىيە ئۆلچىمىدە بۇ ھەقىقەتەن كۆپ پۇل) كىرىم قىلىدۇ. ئۇ ھازىر بىر داڭلىق خەلقئارالىق شىركەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەمۇرىي ئىش باشقۇرغۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئەمما روسىيە ئەرلىرى ھازىر كىرىزىس ئىچىدە تۇرماقتا. ئەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر يېشى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە ئىزچىل تۈردە ئۈزلۈكسىز چۈشۈپ، 1996 - يىلى ئەڭ تۆۋەن باسقۇچقا يەتكەن. بىر تىببىي ئىنستىتۇتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى بۇنى پۈتۈن دۇنيادىكى تەكشۈرۈش خاتىرىسى ئىچىدە ئەڭ زور ۋە ئەڭ ئېغىر نىسبەتتىكى چۈشۈش، دەپ قارىغان. بۇ ئاساسلىقى ئەرلەرنىڭ ئىچىملىكلەرگە ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان. روسىيىدە ئۆتكەن يىلى ھاراقتىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەن 35 مىڭ ئادەمنىڭ كۆپىنچىسى ئەرلەر ئىكەن. بۇ سان ئۈچ يىل ئىچىدە ئۈچ ھەسسە ئۆرلىگەن. شىددەت بىلەن ئۆرلەۋاتقان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھادىسىسىمۇ دۆلەتتىكى يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىش قابىلىيىتى جەھەتتە، روس ئەرلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئاياللاردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

روس ئاياللىرى تەبىئىي ھالدا بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ كېتەلىدى. بەش يىلدىن بۇيانقى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى ئىزچىل 73 ياش ئەتراپىدا بولغان. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزگىرىشلەرنى تەلەپ قىلىدىغان داڭلىق ئاياللار ھوقۇقى مەسىلىكى رەھبەرلىرى چىقمىغان بولسىمۇ، بىراق روس ئاياللىرى بىر خىل ئالاھىدە شەكىل ئارقىلىق جىمجىت ھالدا بىر مەيدان ئاياللار ھوقۇقى ئىنقىلابىنى باشلىۋەتتى.

**△ روس ئاياللىرى ئىشنى تۆۋەن قاتلامدىن باشلاشنى ئېغىر ئالمايدۇ**

ئەلۋەتتە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىللىرىدە، ئاياللارنىڭ خىزمەت قىلىشى ئومۇميۈزلۈك ئىش ئىدى. ئۇلار بىر خىل غايىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇھىمى رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ زورى بىلەن شۇنداق قىلغانىدى. 1941 - يىلدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىڭلىغان، مىليونلىغان ئەرلەر ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلاندى. نۇرغۇنلىرى ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلۈپ كەتتى ياكى قايتىپ كەلمىدى. 1946 - يىلىغا كەلگەندە ئىشلەيدىغان ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەردىن 2 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. 70- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە

ئىشلەيدىغان ئاياللارنىڭ سانى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نۇرغۇن زاۋۇتلار تاقىلىپ، ئايال ئىشسىزلارنىڭ سانىمۇ بىراقلا ئاشتى. سەۋەبى باشقۇرغۇچىلار ھامان ئالدى بىلەن ئايال ئىشچىلارنى ئىشتىن بوشاتتى.

بىراق، ئۇلار ناھايىتى تېز ئەكسىگە قايتتى. نۇرغۇن ئاياللار سودا ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. مۇسكۋادا تۇرۇشلۇق چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار يېڭىدىن ياللىغان ئايال خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشنى ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىن باشلاشنى ئېغىر ئالىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، خىزمەت ئالمىشىشقىمۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىكەن. يېقىندا ئامېرىكا خەلقئارا تەرەققىيات مەھكىمىسى روسىيىدە مەخسۇس كىچىك تىپتىكى سودا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزگەندە بىر قىسىم غەيرەتلىك ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىپ قاتناشقان. مەخسۇس ئاياللارنىڭ ئاساسىي سودا ماھارىتىنى تەربىيىلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئامېرىكىلىق:«روسىيە ئاياللىرى ئەرلەرگە قارىغاندا ئىشنى تۆۋەن قاتلامدىن باشلاشنى تېخىمۇ خالايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەنچى ئورنىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ھەرگىز نومۇس ھېس قىلمايدۇ، بەلكى ھەمىشە پۈتۈن كۈچى بىلەن پۇرسەت ئىزدەپ يۇقىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. بىراق روسىيە ئەرلىرى بۇنداق قىلىشنى خالىمايدۇ» دېگەن. شۇڭلاشقا مۇنداق بىر نەتىجە كېلىپ چىققان: ئوخشاش بىر تىجارەت باشقۇرغۇچىلاردىن ئاياللارنىڭ كىرىمى بارغانسېرى ئېشىپ، ئۈچ يىل ئاۋۋالقى ئەر كەسىپداشلىرىنىڭ يېرىمىدىن ھازىرقى 70% ئەتراپىغا ئۆرلىگەن.

يېقىندا، ئامېرىكىدىكى بىر گىرىم بۇيۇملىرى شىركىتى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا مال سېتىش ۋاكالەتچىلىرى يىغىنى ئۆتكۈزگەن. 1992 - يىلى بۇ شىركەتنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رايونىدا پەقەت 20 نەپەر ئايال مال ساتقۇچىسى بولغان بولسا، ھازىر 60 مىڭ نەپەر بىۋاستە سېتىش ۋاكالەتچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق سېتىش سوممىسى نەچچە يۈز تۈمەن ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.

**△ روس ئاياللىرى دەككە - دۈككىدە قالغان ئەرلەرگە ھېسداشلىق قىلىدۇكى، كەمسىتمەيدۇ**

ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا، روسىيە ئەرلىرىنىڭ ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىش ئاكتىپچانلىقى ناھايىتى كەمچىل. جولىن كەي شىركىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئاياللار ئاياسەن روس ئەرلىرىدىن يىراقتا تۇرۇۋاتقان زامانىۋى ئاياللاردۇر. روسىيىدە ئاجرىشىش نىسبىتى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئاشماقتا. 1992 - يىلى 1000 جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ ئىچىدە ئاجراشقانلار 606 جۈپ بولغان بولسا، 1996- يىلى 764 جۈپكە يەتكەن. مۇتەخەسسىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئاجرىشىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولسىمۇ، ئەمما بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئاجراشماسلىقى پەقەت ئاجراشقاندىن كېيىن بارىدىغان يەرنىڭ يوقلۇقىدىن بولغان. ھازىر ھەتتا مۇسكۋادىمۇ بىر قىسىم ئاياللار مەغلۇبىيەتلىك نىكاھتىن قۇتۇلدى. چۈنكى ئۇلار ھازىر تۇرار جاي تېپىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىمۇ بېقىپ كېتەلەيدۇ. بىراق ھازىرقى ئەھۋال ئەر تەرەپنىڭ ئائىلىدىن چىقىپ كېتىشى بولۇپ، ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئايالغا يۈزلىنىشكە ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ.

ناتايا ئىلگىرى بىر گېزىتخانىنىڭ مۇخبىرى ئىدى. 1992 - يىلىدىن ئىلگىرى ئۇ يېمەكلىك سېتىۋېلىش ئۈچۈن مائاشقا تايىناتتى. ھازىر ئۇ ئەمەلىي كۈچى زور بىر ئامېرىكا ئالاقە شىركىتىنىڭ مۇسكۋا ئىش بېجىرىش ئورنىدا مەسئۇل خادىم. ئۇ 5000 ئامېرىكا دوللىرى

خەجلەپ خېرىدارلىرى ئۇچۇن مۇھاكىمە يىغىنى ۋە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئالدىنقى ئېرى بىر ئىشسىز مۇخبىر ئىدى. «رۇس ئەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھورۇن كېلىدۇ. ئۇلار خۇددى كىچىك بالىنى كۈتكەندەك كۈتۈشكە موھتاج. مەن ئىلگىرىكى ئېرىمنى كىچىك بالىنى كۈتكەندەك كۈتەتتىم. ئىلگىرى مەن ھەقىقەتەن ئۇنى مەن كۈتمىسەم ياشىيالمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم» كېيىنكى ئىشلار ناتايانىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. «ئۇ ئۆيگە كەلمەسلا بولدى. چۈنكى ئۆيدە ئۇنىڭغا تەييار تاماق يوق ئىدى. شۇڭلاشقا كېيىن ئۇ ئاپىسىنىڭكىدە ئاپىسى بىلەن بىللە تۇردى» دېدى ناتايا ئەسلەپ. بىراق ھازىر نۇرغۇن ئائىلىلەر خۇددى يېپىلىپ قالغان ئۆۋەندىكى قۇش تۇخۇملىرىدەك مۇستەھكەم بولالمايۋاتقان چاغدا، كۆپ ساندىكى رۇس ئاياللىرى ئەرلەرگە نىسبەتەن كەمسىتىش ئەمەس، بەلكى ھېسداشلىق قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولماقتا. ئۇلارغا ھەر قانداق ئادەمدىن بەكرەك ئېنىقكى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگە ياكى ئائىلە باشلىقلىرىغا زور روھىي زەربە ئېلىپ كەلدى. رۇس ئەرلىرى ئاياللىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئۇلارغا روھىي بېسىم تېخىمۇ چوڭ.

### △ كەسپتىكى ئاياللارنىڭ جىنسىي كەمسىتىشكە قارشى كۈرىشى ئەمدىلا باشلاندى

روسىيە ئەرلىرىنىڭ «مەن ئەرغۇ» دەپ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ئەنئەنىۋى پوزىتسىيىسى ھەقىقەتەن ئاياللارغا، بولۇپمۇ كەسپتىكى ئاياللارغا نىسبەتەن بەزى مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. بۇگۈنكى كۈندە، روسىيىدە جىنسىي پاراكەندىچىلىك ئاساسەن ھېچقانچە تىزگىنلەشكە ئۇچرىمايدۇ. نۇرغۇنلىغان روسىيە ۋە غەربنىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق شىركەتلىرى ياللاپ ئىشلىتىدىغان ئاياللارنىڭ ئۆلچىمى ئۇلارنىڭ قىسقا يوپكا كىيگەن ۋاقىتتىكى تۇرقىنىڭ قانداقلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەمما روسىيە ئاياللىرى بۈگۈنكى كۈندە ئۆزلىرىنىڭ غەربتىكى كەسپداشلىرىغا ئوخشاشلا قارشىلىق بىلدۈرۈشكە باشلىدى، ئۆتكەن يىلى بىر ھەپتىلىك ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا بىر قولىنىڭ بىر ئايالنىڭ يوتىسىنى سىلاۋاتقان رەسىم بېسىلىپ، ئاستىغا مۇنداق بىر قۇر خەت يېزىلغان:«سىزدىن بۇرۇنلا تەلەپ قىلغان، قارشىلىق بىلدۈرۈشكە رۇخسەت يوق».

بۇ مەسىلە بەلكىم پەقەت ئاياللار كەسپتە يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋاقىتتىلا ئاندىن يوقىلىشى مۇمكىن. رۇس ئاياللىرىنىڭ ھازىرقى قىيىن ئەھۋالى ئۇلارنىڭ غەربتىكى كەسپداشلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەينەك تورۇسلار (ئاياللارنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىنى توسىدىغان شەكىلسىز توساقنى كۆرسىتىدۇ) يېڭى روسىيىدە يەنىلا ناھايىتى مۇستەھكەم. روسىيە شىركەتلىرىدە پەقەت ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ بەش پىرسەنتىنىلا ئاياللار ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئاننا كوف تۇرۇشلۇق شىركەت مەخسۇس ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كۆرۈۋاتقان ئانكېتىلارنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئاياللار تاپشۇرىدىكەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى مۇنەۋۋەر ئاياللار ئىكەن. بىراق شىركەتلەر ئالىي دەرىجىلىك خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئەرلەرگە بېرىدىكەن.

تەبىئىيكى، ئاننا بۇ خىل كەمسىتىشلەرگە ۋە باراۋەرسىزلىكلەرگە رازى بولمايدىكەن. بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن بەك ئالدىراپمۇ كەتمەيدىكەن. چۈنكى غەربتىمۇ ئاياللار بۇ ئەينەك تورۇسلارنى بۇزۇش ئۈچۈن نەچچە ئون يىل سەرپ قىلغان. ئاننا روسىيىدە بۇرۇنلا ئەرلەر بىلەن ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى باشلىۋەتكەن. مۇشۇ قىسقىغىنە ئالتە يىل ئىچىدە ئۇ ئۆزى ۋە باشقا ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن قانچىلىك ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ھازىر رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن پەقەت كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**گۈلجامال مۇھەممەتئىمىن (ت)**

مۇھەررىرى: **ئارزۇگۈل رىشىت**

# بالىڭىزنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولسا

بالىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولمىسا ئاتا - ئانا ئەلۋەتتە ئەنسىرەيدۇ. ئۇنداقتا ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ھېچنېمىنى ئويلىمىسىمۇ بولامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس! ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

1. بالىنىڭ بىلىم دائىرىسىگە دىققەت قىلىش

بىر دەۋاتقان «نەتىجە» ئىمتىھان نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىمتىھان نومۇرى بالىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل شەكىل بولۇپ، ئاساسەن دەرسلىك مەزمۇنىغا قارىتىلىدۇ. بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئىمتىھانىنى دەرسلىك مەزمۇنىدىنلا ئالىدۇ. شۇڭا نەتىجىسى ياخشى بالىلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كەڭ دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ نەتىجە پەقەت دەرسلىكنى ياخشى ئۆگەنگەنلىكنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپتە دەرسلىكنى ئۆگىنىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، دەرستىن سىرتقى بىلىملەرنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بەرمىسە، يۇقىرى سىنىپقا ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ بالىنىڭ ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ. بالىنىڭ نەتىجىسى يامان ئەمەس بولغاندىمۇ ئاتا - ئانىلار يىراقنى كۆزلەپ، بالىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇشى، بالىلارغا دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك.

2. بالىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش

بەزى بالىلار ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سەھەر تۇرۇپ كەچ ياتىدۇ. مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ۋە دەم ئېلىشلاردىن ۋاز كېچىپ، ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەقىقىي تەر ئاققۇزىدۇ. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆسۈۋاتقان مەزگىلى بولغاچقا، بەدەننىڭ ھەر قايسى ئەزالىرى بىر قەدەر يۇمران كېلىدۇ. ئەگەر دەم ئېلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلمىسە بالىنىڭ سالامەتلىكى ئاسانلا زىيانغا ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ كۆز ۋە بويۇن ئومۇرتقىسى ئاسان زەخىملىنىدۇ.

ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بالىلاردىكى يىراقنى كۆرەلمەسلىك نىسبىتى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ بارماقتا. بەزى بالىلار ھەتتا كونىيىي كىتاب كۆرۈش ۋە تاپشۇرۇق ئىشلەش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە ناھايىتى ئاز قاتنىشىدۇ، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. كونىيىي



ئۆزىنى سىنىپقا ۋە ئۆيگە سولىۋالىدۇ. شۇڭا ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ھەر خىل قوشۇمچە پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، تاماق تاللاشتىن كېلىپ چىققان ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

3. بالىنىڭ پسىخىكىسىنى ئىگىلەش

بەزى بالىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولغان بىلەن خاراكتېرى غەلىتە، مىجەزى ئوسال بولۇپ، تەنقىد قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. ئازراق گەپ قىلىپ قويسىلا ۋارقىراپ-جارقىراپ قېيداپ قالىدۇ. بەزىلىرى مۇسابىقىدە مەغلۇپ بولۇش، سايلىنىشتىن قېپقېلىش، ئىمتىھان نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ قېلىش قاتارلىق ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىسا دەرھاللا كەيپى بۇزۇلۇپ، ئىرادىسى بوشىشىپ، ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزەلمەي قالىدۇ.

ياخشى مىجەز، ياخشى پسىخىك ھالەت مول مەدەنىي بىلىمدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مىجەزى ئوسال، پسىخىكا ساپاسى تۆۋەن، ئەمما ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بالىلارنىڭ ئىستىقباللىق بولۇشى ناتايىن. ئەكسىچە قەيسەر، ئېگىلمەس-سۇنماس ئىرادىگە ئىگە، سوغۇققان، كۆكسى-قارنى كەڭ، پسىخىكا ھالىتى ياخشى بالىلار گەرچە بىر مەھەل بىلىمى مول، قابىلىيىتى ئۈستۈن بولمىسىمۇ، كېيىنچە بەلكىم ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى مۇمكىن. بالىلارنىڭ پسىخىكا ھالىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ئائىلە مۇھىتى ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. بالىنىڭ پسىخىكا ھالىتى ناچار بولۇپ قالسا، ئاتا-ئانا بولغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى، چوقۇم سەۋرچان بولۇپ، ئۇسۇلغا دىققەت قىلىپ، ئاندىن بالىغا تەربىيە بېرىشى كېرەك.

4. بالىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىگە دىققەت قىلىش

بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت بارغانچە مۇرەككەپلىشىپ بارماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

① باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى خالىماسلىق ياكى كەمدىنكەم ئالاقىلىشىش

بەزى بالىلارنىڭ نەتىجىسى يامان ئەمەس، بىراق بىرمۇ دوستى يوق. مەكتەپكە بارسا سىنىپتىن چىقمايدۇ. مەكتەپتىن قايتسا ئۆيگە سولىنىۋالىدۇ. ھەرىكەت قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ. باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھەتتا ئۆزى بىلەن تەڭ قۇرداشلىرى بىلەن ئارىلىشىشتىنمۇ خىجىل بولىدۇ. ئاتا-ئانىلار ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ خىلدىكى بالىلارنى مەقسەتلىك تەربىيىلەش ۋە چېنىقتۇرۇش كېرەك.

② ئالاقىلىشىش دائىرىسى كەڭ، قالايمىقان ھەرىكەتتى كۆپ بولۇپ كېتىش

بەزى بالىلارنىڭ زېھنى ئوچۇق، ئۆگىنىشتە قىلچە قىينالمايدۇ. شۇڭا كەڭ دائىرىدە دوست تۇتىدۇ. ئۆز مەكتىپىدىكىلەر، باشقا مەكتەپتىكىلەر ھەتتا جەمئىيەتتىكىلەر بىلەنمۇ ئارىلىشىدۇ. ئۈچ-تۆتى بىر بولۇپ ئاكا-ئۇكا دېيىشىپ، كىرىپ-چىقىپ يۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە ئاتا-ئانا بولغۇچىلار «ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولسىلا بولدى» دەپ قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى بالىلارنىڭ پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغاچقا، ئاسانلا «ناچار دوست»لارنىڭ ئالدىشىغا ئۇچراپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ ئۆگىنىشى چېكىنىپلا قالماي، ھەتتا تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ئالاقە ئوبيېكتلىرىغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

**باھارگۈل مايىت (ت)**

مۇھەررىرى: **خۇرشىدە بىلال**

# «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئايالLar مەسىلىسى توغرىسىدا

دىلدار ئەزىز

يەر بىلەن ئاسمان بىر - بىرىدىن ئايرىلالمىغاندەك، ئەر بىلەن ئايالمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ يەر شارىدا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان قانۇنىيەت.

بىراق ھاياتلىقتا ئادەم سىياقى بولغان كىشىنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي ئادەم ھېسابلىنىۋەرمىگەندەك، ئايال سىياقىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىمۇ ھەقىقىي ئايال ھېسابلىنىۋەرمەيدۇ. دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشى، كىشلەرنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى «ئاجىزەلەر» دەپ قارىلىپ، پۈتۈن پائالىيىتى ئەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، ئوچاق بېشىدا چۆرگىلەش، بالا بېقىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋاتقان ئايالLar مانا ئەمدى ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەتكە ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى ياراتقاندىن سىرت، مىللەتنى تەربىيىلەش، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، ئەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن خاتىرجەم، ئىللىق بىر مۇھىت يارىتىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئۆزىگە خاس مەجبۇرىيەتنى خۇشاللىق بىلەن ئۈز زىممىسىگە ئېلىپ، ناھايىتى زور ئۇتۇقلارنى قازانماقتا. شۇنىڭغا ئەگىشىپ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئايالLarغا قويغان تەلىپى بىلەن ئۇلاردىن كۈتكەن ئۈمىدىمۇ بارغانسېرى يۇقىرى بولماقتا. بىز مۇشۇنداق ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئايالLarغا قانداق تەلەپ قويغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن نەمۇنە ئېلىش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن 980 يىل بۇرۇن قاراخانىلار دەۋرىدە (ئېھتىمال 1018 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1070 - يىللىرىغىچە ياشىغان) ياشاپ پەقەت 52 يىللا ئۆمۈر كۆرگەن ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ يېزىپ قالدۇرغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» كە مۇراجىئەت قىلدۇق.

بۇنىڭدىن 928 يىل بۇرۇن يېزىلغان بۇ مەشھۇر تارىخىي ئەسەرنىڭ 4475 - بېيىتىدىن 4526 - بېيىتىغىچە بولغان قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى مەخسۇس ئايالLarغىلا ئاتالغان. ئۇستازلارچە مەسلىھەت ۋە دوستانە سۆھبەت شەكلىدە يېزىلغان بۇ ئەسەردە ئەرلەرنىڭ قانداق ئايالغا ئۆيلىنىشى، ئايالLarنىڭ پەرزەنتلىرىنى قانداق تەربىيىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ناھايىتى سىستېمىلىق، مۇكەممەل توختالغان بولۇپ، ئەسەردىكى ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى مىساللارنىڭ تۇرمۇشچانلىقىدىن، مۇئەللىپنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە چوڭقۇر ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز. ئەسەرنىڭ شۇ قىسىملىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغان ھەر بىر ئادەم چوڭقۇر تەربىيىگە ۋە مول ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئائىت پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە ئىگە بولالايدۇ. مۇئەللىپ مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ئايالLarنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئورنى شۇنداقلا ئەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى بىلەن مەغلۇبىيىتىدە ئوينايدىغان رولى توغرىسىدا ناھايىتى تەپسىلىي توختالغان.

مەسىلەن، 4481 - بېيىتتا «خوتۇن ئالساڭ ئالغىن، تۆۋەن، توغۇرنى، سويۇنچ بىرلە ئۆتكەي ھاياتىڭ كۈنى.» دېيىش ئارقىلىق ئەگەر غورۇرلۇق بىر ئەر ئۆيلەنمەكچى بولسا، چوقۇم ئۆزىدىن سەل تۆۋەنرەك تۇرىدىغان قىزغا ئۆيلىنىشى، بۇ تۆۋەنلىك ئىقتىساد، ئىمتىياز ۋە نەسەبنى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، پەقەت نەسەب قوغلاشماي، توغرا يوللۇق قىزنى تاللاپ توي قىلغان يىگىتنىڭلا تۇرمۇشى خاتىرجەم، بەختلىك ئۆتىدىغانلىقى شەرھلەنگەن. مۇئەللىپ بۇ يەردە ئەرلەرگە يول كۆرسىتىپ، ئەگەر سەن ئۆيلەنمەكچى بولساڭ ئايال كىشىنىڭ نەسەب، جەمئىيەتتىكى ئابرويى ۋە ئىمتىيازىغا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئۆيلىنىسەن. نام - ئابروي، ئىمتىياز دېگەنلەر ۋاقىتلىق نەرسە. پەقەت ياخشى پەزىلەتلىك قىزلا ساڭا مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولالايدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلماي قۇرۇق نام - ئەمەل، ئىمتىياز قوغلاشساڭ ئاخىر بېرىپ غورۇرۇڭ ئەنە شۇ قۇرۇق نام - ئابروي، يۇقىرى نەسەب تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ، دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرگە ھەقىقىي گۈزەللىك بىلەن ساختا گۈزەللىكنى، چىن مۇھەببەت بىلەن ساختا مۇھەببەتنى روشەن پەرقلەندۈرۈپ بەرگەن.

4482 - بېيىتتا «چىرايلىقنى دېمە، خۇلقى ئۆزىنى دە، كى خۇلقى ياخشى بولسا، يورۇتقاي سېنى.» دېيىش ئارقىلىق

ئايالларنىڭ چىرايى ھەر قانچە گۈزەل بولغىنى بىلەن مىجەز ـ خۇلقى گۈزەل بولمىسا، ياخشى پەزىلەتلىك بولمىسا، ئەڭ مۇھىمى ئەقىللىق بولمىسا، ئەرنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆز ئېرىگە نومۇس، خورلۇق ۋە ئاپەت كەلتۈرىدىغانلىقى بايان قىلىنىپ، ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ سىرتقى گۈزەللىككە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەسلىكى، سىرتقى گۈزەللىكنى قوغلىشىپ ھاياسىز، قىلىقسىز ۋە بىلىمسىز ئايالنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ قالغان ئەرنىڭ ئاخىر بىر كۈن ۋەيران بولۇپلا قالماستىن، يەنە بۇنداق ئايال ئەرنى باشقىلار ئالدىدا يۈز كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز ھالەتتە نومۇس پاتقىقىغا پاتۇرۇۋېتەلەيدىغانلىقى شەرھلەنگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ 4486 ـ بېيىتتىن 4501 ـ بېيىتقا قەدەر بولغان قىسىملىرىدا: «دېسە كىم ئۆيلىنەي، ئەي ئەرلەر بېشى، ئالار شۇ تۆت خىلدىن بىرىن شۇ كىشى: بىرى باي خوتۇننى ئالماقنى ئىستەر، ئۇ بىرسى چىرايلىق ئۈچۈن كۆز تىكەر. يەنە بىرسى، ئېسىل نەسەبلىك تىلەر، ئۇلۇغلۇق ئېتىغا قوۋانىپ يۈرەر. بىرى، ئىستەر نەپىس، تەقۋادارنى، ئۇنى تاپسا باغلار ئاڭا كارىنى. بۇلارنىڭ ئوبدىنىنى مەن ئېيتاي ساڭا، ئالۇر بولساڭ خوتۇن، قۇلاق سال ماڭا» دېيىش ئارقىلىق، ئوخشىمىغان قاتلاملاردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشقا، ئۆيلىنىشكە بولغان ئوخشىمىغان كۆز قارىشىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىرگە، بەزى ئەرلەر پۇلدار خوتۇنغا ئۆيلىنىشنى خالايدۇ ـ دە، ئاخىرىغا بېرىپ شۇ باي خوتۇننىڭ پۇلغا سېتىۋالغان قۇلىغا ئوخشاپ قالىدۇ. چۈنكى پۇلدار خوتۇن ئۆزىنىڭ مېلىغا تايىنىپ ئەرنىڭ ئالدىدا ھاكاۋۇرلۇق قىلىدۇ ياكى ئەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىپ ئائىلىگە كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرىدۇ. بەزى ئەرلەر چىرايى گۈزەل ئاياللارنى ئەمرىگە ئېلىشنى خالايدۇ. ئەگەر شۇ ئايالغا تەگرى ئەخلاق پەزىلەتنىمۇ قوشۇپ بەرگەن بولسا، بۇ شۇ ئەرنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى. ئەگەر شۇ ئايالدا گۈزەل چىرايلا بولۇپ، ئەخلاق ـ پەزىلىتى كەم بولسا، شۇ ئايالنىڭ پەزىلەتسىز قىلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ئەر بولغۇچى پۈتۈن خەلقئالەم ئالدىدا كۈلكىگە قالىدۇ، چۈنكى چىرايلىقلارغا ھەممە ئادەمنىڭ تەلپۈنگۈسى كېلىدۇ، دېگەن.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ چاغلاردا ئاياللارنىڭ چىرايلا گۈزەل بولماستىن، قەلبى ۋە قىلغان ئىشىمۇ گۈزەل بولۇشى كېرەكلىكى، يۇقىرى ساپا، ئىچكى گۈزەللىكنىڭ ئاياللارغا بەخت، ئەرلەرگە ئامەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ياخشى مىجەز ـ خاراكتېر ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ ئاياللارنىڭ ئۆز ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە ئائىلىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەش ئارقىلىق، مول تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئىگە پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن كىتابخانلارغا قانداق ياشاش توغرىسىدا سىستېملاشقان، مۇكەممەل بولغان بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تەقدىم قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە 4495 ـ، 4496 ـ بېيىتلاردا «ئەي ئەسلى بۈيۈككە ئىنتىلگۈچى ئەر، ئۆمرۈڭنى خار ئەتمە بۇنىڭلىق بىلەن. ئۇرۇغ ـ نەسلى بۈيۈكنىڭ سۆزى ھەم تىلى ئۇزۇندۇر، بولما سەن خوتۇننىڭ قۇلى.» دېگەن مىسرالار ئارقىلىق پىكرىنى يەنىمۇ بىر قەدەم چوڭقۇرلاشتۇرغان ھالدا يەنە بەزى ئەرلەرنىڭ يۇقىرى نەسەبلىك، نام ـ ئابرويى بار ئاياللارغا ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئەرلەرنىڭ ئاخىر بېرىپ ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا خار قىلىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئائىلە نەسەبى يۇقىرى بولغان ئايالنىڭ گېپىنىڭ يوغان، تىلىنىڭمۇ ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئەرلەر ئاخىر بېرىپ خوتۇننىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرويى ۋە قىممىتىنى يوقىتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئۇ يەنە 4497 ـ، 4498 ـ، 4500 ـ، 4501 ـ، 4502 ـ بېيىتلاردىكى «ئەي تەقۋادار خوتۇننى ئىستەر بەگزادە، تېپىلسا ئۇ، بولغاي تۆت شەرت ئىپادە. تېپىلسا تەقۋادار ياخشى بىر چىشى، غەنىمەت بىلىپ ئال، ئەي ياخشى كىشى. تىلەك بايلىق ئولسا، بېرۇر مال يىغىپ، بېيىتقاي سېنى ئۇ قىزىل يۈز قىلىپ. دۇرۇس خۇيلۇق ئولسا، گۈزەللىك كېلۇر، خوتۇننىڭ كۆركى ئەخلاق، بىلىملىك بىلۇر. ئېرىغ تەقۋا بولسا، ئۇ ئېسىل بولۇر، قالغان ئۈچ نەرسىمۇ ئۇندا تېپىلۇر. ھېكىم سەن بىر تەقۋا خوتۇن ئىستىگىل، ئۇ بولسا، بولۇر جەم بۇ تۆت شەرتمۇ، بىل.» دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئەقىللىق ئەرلەرنىڭ مال ـ دۇنيا، نام ـ ئابروي، سىرتقى قىياپەت دېگەندەكلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى تاللىماستىن، پەقەت بىلىملىك، ئەخلاقلىق بىر ئايال بىلەن ئۆمرىنى بىرگە ئۆتكۈزۈشنى ئىستەيدىغانلىقىنى، شۇ ئەر ئەگەردە ئەنە شۇنداق ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، سەممىي، راستچىل، نومۇسچان بىر قىزغا ئېرىشەلىسە، بۇنداق ئەر مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپ، ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ئىشقا

ئاشىدىغانلىقىنى شەرھلىگەن. چۈنكى بۇنداق ئايال ئائىلىنى تېجەشلىك بىلەن باشقۇرۇپ، ئەرنى باي قىلالايدۇ. ئۆزى ئەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلغاندىن سىرت، باشقا كىشىلەرگىمۇ ئۆز ئېرىنى ھۆرمەت قىلغۇزۇپ، ئەرنىڭ ئەلجامائەت ئالدىدىكى ئابرويىنى كۆتۈرەلەيدۇ. ئۆزى ياخشى پەزىلەتلىك، بىلىملىك بولغاچقا، ھەممە ئادەمگە گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ياخشى ئەخلاق، بىلىم ئاياللارغا گۈزەل جامال ئاتا قىلىدۇ. مۇشۇ ئالامەتلەرگە ئىگە بولغان ئايال ئەرگە بايلىق ھەم ئىمتىياز، شان - شەرەپ كەلتۈرەلەيدۇ. مانا بۇ شۇ ئەرنىڭ ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكىنى، دېيىلگەن.

تارىخىي كىتابلارنى ۋاراقلاپ باقساق، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىنى ئاساسلايدىغان نۇرغۇنلىغان تارىخىي پاكىتلارنى كۆرەلەيمىز. بىراق بىز بۇ جايدا پەقەت بىرلا مىسالغا مۇراجىئەت قىلىمىز:

روسىيە تارىخىدىكى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، 1711 - يىلى روسىيە پادىشاھى پېتىر I 40 مىڭ روس قوشۇنى بىلەن بالقاشتىكى فروت دەرياسى بويىدا 200 مىڭ تۈرك قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ تۈرك سۇلتانلىقىنىڭ (1920- 1299) سۇلتانى ئەھمەت (1703- 1730) نىڭ دەۋرى بولۇپ، پېتىرنىڭ شۇ سۇلتانلىقنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي قوماندانى ھەسەنبېكنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىشى ئۇنىڭغا ھالاكەت ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، مۇھاسىرىدىن چىقىپ كېتىشنىڭ ھېچقانداق ئامالىنى تاپالمايدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە، پېتىر ئاشۇ 40 مىڭ ئەسكىرى بىلەن بىرلىكتە ھەسەنبېكنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالغاندىن سىرت، پۈتۈن شاھلىقىنىڭمۇ ۋەيران بولۇشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. مانا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە پېتىر باش مەسلىھەتچىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۆزىنىڭ گۈزەل ئايالى يېكاتېرىنانى ھەسەنبېكنىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. يېكاتېرىنا ھەسەنبېكنىڭ ئالدىدا گۈزەل جامالى، يېقىملىق ئاۋازى ۋە ئورۇنلۇق سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە شاھقا ۋاكالىتەن ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى، ھەسەنبېكنىڭ ھەر قانداق تەلىپىنى ئورۇنداشقا تەييار ئىكەنلىكىنى، پەقەت پېتىرنىڭ روس قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن ھەسەنبېكنىڭ مۇھاسىرىسىدىن كىچىككىنە بىر يوچۇق ئېچىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. يېكاتېرىنانىڭ گۈزەل رۇخسارىنى كۆرگەن ھەسەنبېك ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، ئىختىيارسىز يېكاتېرىنانىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ - دە، پېتىر ئۈچۈن مۇھاسىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئەقىللىق يېكاتېرىنانىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارى ۋە ئەقىل- پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ھەسەنبېككە قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزماستىن قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى ئىدى. شۇنداق قىلىپ پېتىر ئۆزىنىڭ ئەقىللىق ئايالىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەسلىدىكى تۆلەشكە ۋەدە قىلغان ئىقتىسادىي تۆلەمنىمۇ تۆلىمەستىن، ھەسەنبېك كۆرسىتىپ بەرگەن جايدىن ئۆز قوشۇنلىرىنى ساق - سالامەت ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، مۇھاسىرىدىن قۇتۇلىدۇ ۋە ئۆز شاھلىقىنىمۇ مۇكەممەل ساقلاپ قالىدۇ. بىراق نۇرغۇن جەڭلەردە ئۆزىنىڭ باھادىرلىقى ۋە ھەربىي قوماندانلىق جەھەتتىكى ماھارىتى بىلەن شان - شەرەپ قازانغان ھەسەنبېك مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن سۇلتان ئەھمەت شاھ تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىدۇ. مانا بۇ ئەقىللىق بىر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارى ۋە بىر نەچچە ئېغىز يۇللۇق گېپى بىلەن ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان ئەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كۆزىنى ۋە كۆڭلىنى باشقۇرالمىغان شانۇ - شەۋكەتلىك بىر باھادىر ئەزىمەتنىڭ بىر ئايال تۈپەيلى كەچۈرگۈسىز سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ دارغا ئېسىلىشىنىڭ جەريانى. بۇنداق مىساللار قاراخانىلارنىڭ شۇ زامانىدىكى بەگلىرىدىمۇ ۋە باشقا پادىشاھلىقلاردىمۇ نۇرغۇن قېتىم كۆرۈلگەن بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇشۇ جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارمۇ ناھايىتى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلەنگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» مەيلى ئىلمىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي جەھەتتىن بولسۇن بىزنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىشىمىزگە، تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز ھازىرقى زامان ئاياللىرىنىڭ تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇپ، سىرتىمىزنىلا ئەمەس، قەلبىمىزنىمۇ بىلىم، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ئەقىل - پاراسەت بىلەن زىننەتلەپ، دۇنيانى گۈزەللىككە، ساپ مېھىر - مۇھەببەتكە تولدۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى تولۇق تونۇپ ۋە ئۇنى ئورۇنداپ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا ماسلاشقان، مەدەنىيلىك، يۇقىرى ساپاغا ئىگە خانىم - قىزلاردىن بولۇپ چىقىشىمىزغا ئىلھام بېرىدۇ.

مۇھەررىرى: **ئارزۇگۈل رىشىت**

# مودا

نۇرىمان ئابلىز

هازىر ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا
ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەككە
بولغان ھەۋىسى، قىزىقىشى ۋە ئېھتىياجى
بازار رىقابىتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشقا
باشلىدى. لېكىن كىشىلەرنىڭ كىيىنىشكە
بولغان قىزىقىشى، ھەۋىسى ۋە تەلىپى ھەر
خىل بولغاچقا، باشقىلارغا بەرگەن تەسىرى
خىلمۇ خىل بولۇپ، كىشىنىڭ كاللىسىدا
تەبىئىي ھالدا ھەر خىل ئىنكاسلارنى
قوزغايدۇ. ئالايلۇق، ھازىرقى مودا
قوغلىشىش مەسىلىسى خانىم -
قىزلاردا گەۋدىلىكرەك ئىپادىلىنـ
ۋاتقان بولغاچقا، ھەر يىلى ۋە ھەر
پەسىلدە سۇرۇۋاتقان مودىـ
لارغا يېتىشىپ بولالماي
ئاۋارە بولماقتىمىز. ئەلۋەتتە
ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھاـ
زىرقى جەمئىيەتتە ۋەزىيەتـ
نىڭ ئارقىسىدا قالغۇسى
كەلمەيدۇ. بولۇپمۇ خانىم
- قىزلار تېخىمۇ چىرايلىق
ۋە مودا كىيىنىپ يۈرۈشنى
ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ئومۇمەن
ئاياللاردىكى بىر خىل
ھەۋەس. ھەر بىر ئاتا - ئانا
ئۆز پەرزەنتىنىڭ، ھەر بىر ئەپەندى
ئۆز خانىمى ۋە ئۆز سۆيگىنىنىڭ
چىرايلىق، يارىشىملىق، ئاددىي
بولسىمۇ رەتلىك ۋە پاكىز
كىيىنىپ يۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.
ئەمما مېنىڭچە ئاياللار كىيىنىشتە
مودا قوغلىشىشنى بىرىنچى
ئورۇنغا قويماستىن، يارىشىملىق
بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى لازىم.
چۈنكى، باشقىلارغا سەپسالغىنىمىزدا،
ئالدى بىلەن بىزگە تەسىر قىلىدىغىنى ئۇنىڭ
تەققى - تۇرقى ۋە كىيىنىشى. بۇ بىرىنچى
تەسىرات مېنىڭچە بەكمۇ مۇھىم. بەزى
خانىم - قىزلىرىمىز مەيلى گىرىم قىلىش
ياكى كىيىنىشتە بولسۇن، پەقەت ئۆز
ئارزۇسىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقىلارغا
بېرىدىغان تەسىرىگە ئانچە دىققەت
قىلمايدۇ. مېنىڭچە خانىم - قىزلار
ياسىنىشتا مۇنۇ بىر قانچە نۇقتىغا
دىققەت قىلسا ئۆزىمۇ رازى بولۇپ،
باشقىلارنىڭمۇ زوقىنى كەلتۈرەلەيدۇ.



1. ئالدى بىلەن ئائىلىسىنىڭ
ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن
ھېسابلىشىش.

2. ئۆزىنىڭ بوي - تۇرقى،
ئورۇق - سېمىزلىكى، تېرىـ
سىنىڭ رەڭگىگە قاراپ، پاسون
ۋە رەڭ تاللاپ چىرايلىق، ياـ
رىشىملىق كىيىنىشكە
ئادەتلىنىش.

3. ئۆزىنىڭ ياش قۇرامى،
مىجەز - خۇلقى ۋە خىزمەت
سالاھىيىتىگە لايىق، يارىشىمـ
لىق كىيىنىپ يۈرۈشكە ئادەتلىـ
نىش.

بەزى خانىم - قىزلىرىمىز
جەمئىيەتتە بىرەر يېڭى مودا
چىققان ھامان دەرھال شۇنىڭ
كويىدا بولىدۇ. ھەتتا باشقا
دوستلىرىنىڭ ئالدىدىراق مېڭىشـ
ىنىلا ئويلاپ، ئۆزىگە ياراشقان -

ياراشمىغان، ماس كەلگەن - كەلمىگەنلىكى بىلەن كارى بولماي، ئۆزىنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال مودىغا ئەگەشكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. ھازىر جەمئىيەتتە قىسقا يوپكا كىيىش ئومۇملىشىپ كەتتى. بۇنى «مودا» دەپ ھەممىمىز كىيسەك بولۇۋېرەمدۇ؟ مېنىڭچە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇنى بەزى قىزلار بولۇپمۇ پاقالچىقى بەك يوغان ۋە مايماقراق ئۇسكەنلەر كىيسە تازا ياراشمايدىكەن. ھازىر نۇرغۇن سورۇنلاردا بۇ ھەقتىكى ئىنكاسلار ئاز ئەمەس. دۇنيادا ئەيىبسىز، نۇقسانسىز ئادەم يوق. شۇڭلاشقا ئادەم كىيىم كىيگەندە، ياسانغاندا ئامال بار ئۆزىدىكى نۇقساننى يېپىشقا تىرىشىدۇ. قىسقا يوپكا ئادەمنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىكەنۇ، ھەرگىز ياپالمايدىكەن. شۇڭلاشقا قىسقا يوپكا كىيگۈسى كەلگەن ياش خانىم - قىزلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ سەل ئويلىنىپ كۆرسىكەن دەيمەن. ئەلۋەتتە كىيىم كىيىش، گىرىم قىلىش، چاچ شەكلىنى ياساش ئىشىغا كەلسەك، بۇمۇ كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش. ھەممە ئىش ئۆز لايىقىدا، يارىشىملىق بولغىنى ياخشى. لېكىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەندە «ئۆزىگە چىرايلىق، باشقىلارغا سەت» بولۇپ كۆرۈنۈپ، قارشى تەرەپتە بەزىبىر خاتا چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ھازىر ئوتتۇرا ياش ۋە چوڭراق ياشتىكى ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتسىز قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئېچىنىپ، ياش ۋاقتىدا ھازىرقى ياشلىرىمىزدەك چىرايلىق، رەڭدار ۋە مودا كىيىنىپ يۈرۈش شارائىتىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەسرەتلىنىپ، ھازىر بولسىمۇ بىھۇدە ئۆتكەن ۋاقىتلىرىنى تولدۇرۇپ، ئۆزلىرىنى روھلۇق ۋە تېتىك تۇتۇش ئۈچۈن ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، چەت ئەللىك ياشانغانلارنى ئۈلگە قىلىپ، شوخ ۋە رەڭدار، ئوچۇق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشكە خېلى ئادەتلىنىپ قالدى. مېنىڭچە بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال - خۇرام، تېتىك، ساغلام ۋە ئۇمىدۋار كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزۈشىگە ئىلھام بېرىشىمىز ۋە ئۇلارنى قوللىشىمىز لازىم. لېكىن شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز ساندىكى خانىملاردەك ئۆز سالاھىيىتىگە قارىماي، ياشلاردىنمۇ ئاشۇرۇپ مودا قوغلىشىپ، باشقىلارغا «قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق» دېگەندەك تەسىراتلارنى بېرىپ قويۇشتىنمۇ ساقلىنىشىمىز لازىم.

دېمەك، خانىم - قىزلارنىڭ ياسىنىشى چىرايلىق، لايىقىدا ۋە يارىشىملىق بولسا، ئۇلار كىشىگە تېخىمۇ نازاكەتلىك ۋە يېقىملىق كۆرۈنۈپ، باشقىلارنىڭ ئامراقلىقىنى ۋە زوقىنى قوزغايدۇ.

ئاياللار دۇنيانىڭ ئانىسى. شۇڭلاشقا ئاياللاردا ئانىلارغا لايىق ئەخلاقىي پەزىلەت، ياخشى خۇلق - مىجەز ۋە نازاكەت، غۇرۇر ۋە سالاھىيەت بولۇشى ھەممىدىن قىممەتلىكتۇر.

مەن خانىم - قىزلارنىڭ بىرەر سورۇنغا بېرىشتىن ئاۋۋال كۆڭۈل قويۇپ ياسىنىپ، ئۆزىنىڭ سالاپەتلىك ياكى چاكىنا بولۇپ قالغانلىقىغا ياخشى زەن سېلىپ، ئاندىن ئۆيىدىن چىقىشنى ئادەت قىلىۋېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. باشقىلار مەندىن «سىز قايسى مودىنى ياخشى كۆرىسىز؟» دەپ سورىسا، مېنىڭ بېرىدىغان جاۋابىم: «ئۆزۈمگە نېمە ياراشسا مەن ئۈچۈن شۇ مودا».

مۇھەررىرى: ئارزۇگۈل رىشىت

# تۇرمۇش ئەتىرگۈلزارلىق ئەمەس

## — ماندېلانىڭ قىزى بىلەن مۇھەببەت ھەققىدە قىلىشقان سۆھبىتى

بۇ جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى نېلسۇن ماندېلانىڭ تۇرمىدىكى ۋاقتىدا قىزى جېنجىغا يازغان بىر پارچە خېتى. بۇ خەتتە ماندېلا ئاتىلىق مېھىر - مۇھەببەتتە قىزى بىلەن كەسىپ، تۇرمۇش، مۇھەببەت توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بارغان.

سېنىڭ مېنىڭ قىسقا خېتىمدىن ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلىشىڭ ئورۇنلۇق. چۈنكى مەنمۇ چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىمنىڭ ماڭا يازغان خېتى ساپلا سان - سىپىرغا تولغان قۇرۇق گەپ بولسا ياكى ماڭا پەقەت خەت يازمىغان بولسا مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ھېسسىياتتا بولغان بولاتتىم. ئاڭلىسام سەن ھازىر ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋېتىپسەن. ناھايىتى خۇش بولدۇم. سېنىڭمۇ ئاپاڭغا ئوخشاش تىرىشچان، ئەستايىدىل شوپۇر بولۇپ چىقىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. تەيمۇر 10 ياش ۋاقتىدىلا ھېلىقى باش تەرىپى يوغان، ماركىسى كونا ماشىنىنى ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. مەيلى نېمىلا بولسۇن، ئەگەر سەن پراۋا ئالالىساڭلا چوقۇم ئاپاڭ بىلەن مېنىڭمۇ ئالدىمغا ئۆتۈپ كېتىسەن. بىز دېگەن 26 يىلش ۋە 33 ياشقا كىرگەندە ئاندىن پراۋا ئالالىغان. ساڭا ئامەت تىلەيمەن، قوزام.

مەن يەنە ئىپتىخارلانغان ھالدا شۇنىڭدىن خەۋەر تاپتىمكى، سەن «چىن مۇھەببەت» ژۇرنىلىنىڭ مەخسۇس سەھىپە يازغۇچىسى بولۇپسەن. سېنىڭ ھازىرقى مۇشۇ يېشىڭغا نىسبەتەن بۇ ھەرگىزمۇ كىچىك نەتىجە ئەمەس. يوھاننېسبورگ سېنى مانا مۇشۇنداق رىقابەتكە باي پۇرسەت بىلەن تەمىنلەپتۇ. يېزىقچىلىق دېگەن كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان كەسىپ. ئۇ سېنى بىۋاستە دۇنيانىڭ مەركىزىگە ئاپىرىپ قويالايدۇ. ئەگەر سېنىڭ نوپۇزلۇق يازغۇچى بولۇش خىيالىڭ بولسا جەزمەن ھەر كۈنى، ھەر سائەت جاپالىق ئەمگەك قىلىشىڭ، گۈزەل ۋە يېڭى تېمىلار، ئاددىي بولغان ئىپادىلەش شەكىللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىڭ، ئەسىرىڭنى پۇختا قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىدىغان سۆز- جۈملىلەرنى ئىشلىتىشنى بىلىشىڭ لازىم. بۇ جەھەتلەردە، ساڭا ياردەم بېرەلەيدىغان نۇرغۇن ئىقتىدارلىق دوستلىرىڭ بار. بېنجا شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى. يازغان شېئىرلىرىڭدىنمۇ بۇ كەسىپنىڭ ھۆددىسىدىن غەلىبىلىك چىقالايدىغانلىقىڭنىڭ ئىزنالىرى چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئىستىقبالىڭ پارلاق.

بۇرانفۇرتمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئاپاڭ ھەممە نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەكلا قىلىدۇ. ئېھتىمال ئۇ خەققە ئىشلەمچى، دېھقان، كىر يۇيغۇچى بولۇشتىن باشقىچىرەك ئۆزىگە لايىق كەسىپنى مەڭگۈ تاپالمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە غۇربەتچىلىكتە ياشايدىغان بولدى. ئۇ ئىككىڭلارنىڭ ئىلاجىسىزلىقتىن تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ قانداقلىقىنى، ھاجەتخانا بىلەن سۇلارنىڭ قانداقلىقىنى تەسۋىرلەپ بەردى. مەن ئۇنىڭدىن زادى يەنە قانچىلىك پۇل خەجلىسە ئاندىن ئاشۇ جايلارنى ھەقىقىي ئادەم ئولتۇرغۇدەك جاي قىلىپ ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن. سىلەرنىڭ كىيىدىغىنىڭلار، يەيدىغىنىڭلار ئېھتىمال مەڭگۈ يوھاننېسبورگدىكىدەك ئۇنداق ياخشى بولماسلىقى مۇمكىن. تېلېۋىزور سېتىۋالالمايسىلەر، راۋۇرۇسراق بىرەر مەيدان كىنو كۆرەلمەيسىلەر، تىياتىرخانىغىمۇ بارالمايسىلەر، تېلېفونمۇ ئورنىتالمايسىلەر.

نىھايەت، قەدىرلىك قىزىم، مەن خۇشاللىق بىلەن دىققەت قىلدىمكى، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئوكشۇۋاپسىلەر. ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خۇشال - خۇرام كەيپىياتنى ساقلاش ئۈچۈن تىرىشىۋېتىپسىلەر. مەن ھېلىقى «ئۇمۇمەن ئېيتقاندا يەنىلا بىر گۈزەل جاي» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ شۇنچىلىك ھاياجانلاندىم. راست دەيسەن قىزىم، پولاتتەك ئىرادىگە ئىگىلا بولىدىكەنسەن، بەختسىزلىكنى بەختكە ئۆزگەرتىپ كېتەلەيسەن. ئەگەر بۇنداق قىلالمىغان بولساڭ، ئاپاڭ ئاللىقاچان ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ قويغان بولاتتى.

[ ھېلىقى ئوغۇل دوستۇڭغا مۇناسىۋەتلىك قىسمى] بۇ خىل مۇناسىۋەتنى پىنھانراق تۇتۇپ، يېپىپ يۇرمەسلىك كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ خەت ئالاقە شەكلىدە ئېلىپ ـ سېلىپ ئولتۇرمىساق بولاتتى. مېنىڭ ئەھۋالىڭلار توغرىسىدا بىلىدىغىنىممۇ يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭلاشقىمۇ ساڭا دەلمۇ دەل، توغرا كەلگۈدەك تەكلىپنى بېرەلىشىم قىيىن. ئەلۋەتتە، ھازىرقى ئورنىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ بىر ساقلىنىش تەس بولغان قىيىنچىلىق. كىشىلىك تۇرمۇشتا، پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا گۈل ـ گۈلىگە كەلگەن ئوغۇل ياكى قىز دوست تاپالايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق، ئىككى تەرەپ سەممىي نىيىتى بىلەن ياخشى كۆرۈشكەنلا بولسا ئاشۇنىڭ ئۆزى يېتىپ ئاشىدۇ. قېپقالغىنى ئۆز ئارا چۈشىنىش ۋە تەسىر كۆرسىتىشكە دائىر مەسىلىلەر. ئوچۇق كۆڭۈللۈك ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەش ئاساسىتىكى بەس ـ مۇنازىرە ھەر قانداق تۈگۈنلەرنى يېشۋېتەلەيدۇ.

بىر شەنبە چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولغاندا، يەنى ئاپاڭ مەن بىلەن توي قىلىشتىن بىر ئاي ئىلگىرى بولسا كېرەك. ئۇ بىر قانچە دوستلىرى بىلەن بىرگە ئىشخانامغا مېنى ئالغىلى كەلدى. مەن بىر چەت ئەللىك سىياسىئوننىڭ كاتىپىنى ساقلاپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ بىلەن ئالدىن ۋەدىلىشىپ قويغانىدۇق. ئۇ ئاپالمۇ ئاپاڭغا ئوخشاشلا كېلىشكەن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ياش ـ قۇرامىمۇ ئاساسەن دېگۈدەك تەڭ ئىدى. گەرچە ئۇلار ئىلگىرى يۈز كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، ئاپاڭ ئۇنى كۆرۈپلا غەزەپلەنگەن ھالدا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا باقتى. شۇ چاغلاردا مەن دائىم تەنتەربىيە سارىيىغا بېرىپ بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرغاچقا تېنىم خېلىلا بەستلىك بولسىمۇ، ئاپاڭ خەقنىڭ كۆزىچىلا كانىيىمدىن سىققىنىچە مېنى سىرتقا ئەپچىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھېلىقى خانىمنى قايتا كۆرمىدىم...

مانا بۇگۈنكى ماندېلانى ماندېلا قىلغان ئاشۇ قەلبى ئالىيجاناب، كەڭ قورساق «قوي باققۇچى قىز»، ئائىلە ئايالى ئاپاڭ ئىدى.

ئەگەر سەن ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساڭمۇ، يەنىلا ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە ياخشىلىنىش بولمىسا، ئازراقمۇ كېچىكتۈرمەستىن بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئاياغلاشتۇرۇۋەت. بىر ئىشنى ئۇمۇربويى ئېسىڭدە تۇتقۇنكى: سەن مەڭگۈ ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزۈڭنى بوزەك قىلىشىغا قەتئىي يول قويما. مەيلى ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈشۈڭدىن قەتئىينەزەر. ناۋادا راستلا بوزەك قىلىنىشقا ئۇچراپ قالساڭ، مەن چوقۇم بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمەن. ئۆتمۈشۈمنى تەپسىلىي ئەسلەپ كۆرسەم، مەن ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئاپاڭ ياكى باللىرىمنىڭ بىرەرسىنىمۇ خورلاش نىيىتىدە بولۇشىغا چىداپ تۇرالمايمەن. مۇشۇ تەرىقىدە سۆزلىسەم ئىچى ـ قارنىڭ بوشاپ، ئۆزۈڭنى سەل ـ پەل يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتامسەن؟

ئەگەر سەن ھازىرلا توي قىلىدىغان بولساڭ، ئاپاڭنىڭ روھىي ھالىتى چوقۇم ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن گويا قولىدا تۇتۇپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر تال گىياھ. ئۇنىڭ بەختى چوڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سېنىڭ ئالقىنىڭغا مەركەزلەشكەن. ھازىرچە، كەسپكە كۆڭۈل بۆلۈشۈڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەن يەنە بىر قېتىم دەي، بۇ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىش. مەن ياندۇرۇپ سۆزلەپ بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتەي. سەن چوقۇم ھەرقانداق بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ ئىنگلىز تىلى مۇكاپات فوندىغا ئېرىشىشىڭ كېرەك. بۇ ئاپاڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارزۇسى.

تۇرمۇش دېگەندە مۇنداق ۋاقىتلارمۇ بولىدۇ: ئادەملەر بىر ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تالانتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشىدۇ. ئۆزلىرىدە ھەر قانداق جايدا، ھەر قانداق باش قېتىنچىلىقلارغا بولۇققاندا، ۋاللىداپ نۇر چاچالايدىغان مۇھەببەت مەيدانىنىڭ بارلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشىدۇ. تۇرمۇشتا يەنە مۇنداق چاغلارمۇ بولىدۇ: ئەزەلدىن ئۆزىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان ئادەمنىڭ ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ ئىككى خىيال بولۇپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. يوشۇرۇن تالانتلىقلارنىڭ چوڭلارنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى ئەقلىگىمۇ يەتمەي قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. خەۋپ ـ خەتەر باشقا كەلگەندە ئەزەلدىن مۇداپىئە ئىقتىدارى كۈچلۈك ئەركەكمۇ پالەچلىنىپ يۇمشاپ، خۇددى قاپ ئىچىگە تۈگۈلۈۋالغان قۇلۇلىگە، ئازراقمۇ ئاچچىقلىنىشنى بىلمەيدىغان مېدوزىغا ئوخشاپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى ئەتىرگۈلزارلىق ئەمەس دېيىشىمۇ دەل مۇشۇ مەنىگە قارىتىلغان.

**بىلقىز ئابلىكىم (ت)**

مۇھەررىرى: **ئارزۇگۈل رىشىت**

# يۈزنى ماساژ قىلىشتىكى بىلىملەر

دەۋر ئۆزگەردى.بۈگۈنلەردە، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئاياللارنىڭ ياخشى كۆرۈپ بارىدىغان يېرى ـ ھەر خىل چوڭ ماگىزىنلار ئىدى. ھازىر ئاياللار بوش ۋاقىت تاپسا، ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىغا بېرىپ، ھۆسن تۈزىتىدىغان بولدى.

ماساژ قىلىش (ئۇۋۇلاش) ـ ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ داۋالاش نەزەرىيىسى جۇڭگوچە داۋالاشنىڭ نەزەرىيىسى بىلەن ئوخشاش. ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا مۇسبەت، مەنپىي، بەش ئاناسىر، ئىچكى ئەزالار جىگلۇلىرى، ئۇزۇۋقلۇقنى كۆچەيتىپ، قاننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش قاتارلىق نەزەرىيىنى ئاساس قىلىدۇ. مۇشۇ مۇكەممەل نۇقتىشىنەزەرنى ئاساس قىلىپ، ئوخشىمىغان ئۇسۇللار ۋە كۈچنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى بىلەن ئادەم بەدىنىدىكى پەللە ۋە جىگلۇلارنى بىۋاسىتە غىدىقلايدۇ. بۇنداق ئۇنۇملۈك غىدىقلاش ئىچكى ئەزا ياكى كېسەللەنگەن ئورۇنغا يېتىپ بېرىپ، مەنپىي ۋە مۇسبەتلىكنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، قان بىلەن قۇۋۋەتنى تەكشەيدۇ. بەدەندىكى يەل ۋە ھۆللۈكنى ھەيدەپ، قاننى جانلاندۇرۇپ، قاننى يۇرۇشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىدىكى يۈزنى ماساژ قىلىشنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان رولى ئەڭ ئاساسلىقى تىرۋا سىستېمىسىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ جىددىي كەيپىياتنى نورماللاشتۇرۇپ، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. ئادەم بەدىنىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، كەيپىياتنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ «ئىلمىي ئۇسۇلدا تەسىرلەندۈرۈپ داۋالاش» دەپ ئاتىلىپ، تونۇپ تەكشۈرۈش، يۇراپ تەكشۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ داۋالاشنىڭ باشقا داۋالاشلارغا قارىغاندا بوشاشتۇرۇش، غىدىقلاش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، ماساژ ھېچ بەدەندە يىغىلىۋالمايدۇ ھەم تېرە مۇسكۇللاردىن تولۇق ئۆتۈپ، تېرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە قوغداش رولىنى ئۆتەيدۇ.

1. ماساژ قىلىشنى پۇختا ئىگىلەش: ماساژ قىلغاندا، ھەر بىر قەدەم ـ باسقۇچلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ئىشلەش، ئەگەر بىرەر باسقۇچ كەم بولۇپ قالسا ئۇنى ئىشلەشكە ئالدىراپ كەتمەي، ئىشلەۋاتقان ماساژ قىلىش ھەرىكىتىنى ئىشلەپ بولۇپ، ئاندىن چالا قالغان قىسمىنى تولۇقلاپ ئىشلەپ، ھەم بۇ خىل ئۇسۇلنى توختاتماي داۋاملاشتۇرغاندىلا، ئۈنۈمگە ئېرىشىش كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

2. ماساژ كۈچى مۇۋاپىق، ماساژ قىلىنىدىغان نۇقتا مۇقىم، ھەرىكەت سىلىق، ئاستا بولغاندىلا مۇسكۇللارنىڭ جىددىي ھالىتىنى بوشىتىشقا بولىدۇ. ئىككى قول باشتىن ـ ئاخىر ماساژ قىلىنىدىغان ئورۇندا بولۇشى، قەدەم ـ باسقۇچنى ئالماشتۇرغاندىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك.

3. ماساژنىڭ داۋالاش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك جۇغپى بىلىملىرى ۋە ماساژ تەجرىبىلىرىنى ئىگىلەش ناھايىتى زۆرۈر. بۇنى ئېنىق بىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئىككى قەدەمگە بۆلۈپ تونۇشتۇرىمىز:

(1) يۈزدىكى پەللەر بىلەن ئىچكى ئەزالارنىڭ مۇناسىۋىتى:



鼻尖 (بۇرۇن ئۇچى) ← تال؛ 鼻翼 (بۇرۇن قانىتى) ← ئاشقازان؛ 面下 (زىناق) ← بۆرەك؛ 上唇 (يۇقىرىقى لەۋ) ← بالىياتقۇ، تۇخۇمدان.
دانىخورەك چىققان ئورۇن بىلەن ئىچكى ئەزالارنىڭ مۇناسىۋىتى (بۇرۇننى چېگرا ھېسابلىغاندا، بۇرۇننىڭ ئۈستى - يۈز ئۈستى قىسمى، بۇرۇننىڭ ئاستى - يۈز تۆۋەنكى قىسمى دەپ ئاتىلىدۇ):

يۈزنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ← جىگەر، ئۆپكە بىلەن، يۈزنىڭ ئاستىنقى قىسمى - تال، ئاشقازان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

(2) يۈزدىكى پەللەرنىڭ ئىسمى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمدارلىقى:

攒竹穴 (زەنجۇ پەللىسى) - باش ۋە كۆز ئەتراپ نېرۋىلىرىنى بوشاشتۇرىدۇ.

鱼腰穴 (يۈياۋ پەللىسى) - يىراقنى كۆرەلمەسلىكنى داۋالاپ، كۆز ئەتراپ قارىيىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

丝竹穴 (سىجۇ پەللىسى) - قوشۇمىدىكى قورۇقلارنى تۈگىتىدۇ.

承里穴 (چېڭ لى پەللىسى) - كۆز ئەتراپى قارىيىپ قېلىشنى يوقىتىدۇ.

四白穴 (سىبەي پەللىسى) كۆز ئاستىدىكى قورۇقلارنى يوقىتىدۇ.

颖车穴 (شياچې پەللىسى) - قاپاقتىكى قورۇقلارنى يوقىتىدۇ.

印堂穴 (يىنتاڭ پەللىسى) - پېشانىدىكى قورۇقلارنى يوقىتىدۇ.

地仓穴 (دىساڭ پەللىسى)، 迎香穴 (يىڭشاڭ پەللىسى) - كۆلگەندە پەيدا بولغان قورۇقنى يوقىتىدۇ.

承浆穴 (چېڭجياڭ پەللىسى) - جاۋغايدىكى قورۇقنى يوقىتىدۇ.

明眼穴 (بەنمىڭ پەللىسى) - كۆز ئەتراپىدىكى قورۇقلارنى يوقىتىدۇ.

耳门穴 (ئەرمىن)، 听宫穴 (تىڭ گۇڭ)، 听会穴 (تىڭ خۇي) پەللىرى - قۇلاق يېنىدىكى قورۇقلارنى يوقىتىدۇ.

太阳穴 (تەيياڭ پەللىسى) - باش ئاغرىشىنى داۋالاپ، باش يۈز نېرۋىسىنى بوشاشتۇرۇپ، تىنچلاندۇرىدۇ.

下关穴 (شاگۇەن پەللىسى) - يۈزدىكى قورۇقلارنى يوقىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆسن تۈزەشتە ماساژ ئۇسۇلى ئىنتايىن مۇھىم. ئادەتتە ماساژ قىلىش - سىيرىش، تۇتۇش، بېسىش، ئۇۋۇلاش، مۇجۇش، چىمداش، تىترىتىش، سىيلاشتىن ئىبارەت 10 خىل بولۇپ، ئوخشىمىغان ئۇسۇلنىڭ رولىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۈنۈمدارلىقى يوللارنى راۋانلاشتۇرۇش، يەل، سوغۇقنى ھەيدەش، ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**رەيھان نۇر (ت)**

مۇھەررىرى: **خۇرشىدە بىلال**

# باللارنىڭ سەمرىپ كېتىشىدىكى ئىككى مەزگىلگە دىققەت قىلىش لازىم

بىرىنچى، بوۋاقلىق مەزگىلى (يەنى بىر ياش چامىسىدىكى باللار). بۇ مەزگىلدە باللارنىڭ ھەرىكەت قىلىش دائىرىسى تار، ئىستېمال قىلغان يېمەكلىكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا-ئانىلار باللارنىڭ يېمەكلىكنى كونترول قىلماي، باللار يېغلىغان ھامان يەيدىغان نەرسە بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باللار سەمرىپ كېتىدۇ. بوۋاقلىق مەزگىلدە سەمرىگەن باللار ئىككى-ئۈچ ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئورۇقلايدۇ. ئەمما يەنە بىر قىسىم باللار داۋاملىق سەمرىيدۇ.

ئىككىنچى، ئوقۇش يېشىغا توشۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى: (بەش - ئالتە ياشلىق باللار). ئادەتتىكىدىن بەكرەك سەمرىگەن باللار كۆپىنچە يەتتە ياش ئەتراپىدا سەمرىشكە باشلايدۇ. بۇ مەزگىلدە باللارنىڭ تاماق يېيىشى ئانچە رېتىملىق بولمايدۇ، ھەم تاماقنى زىيادە تېز يەيدۇ. ئۇندىن باشقا ئاساسىي يېمەكلىكنى ئىستېمال قىلىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، سەي-كۆكتاتلارنى يېيىشكە ئېتىبار بەرمەيدۇ. نەتىجىدە بەدەندىكى ئارتۇق ئىسسىقلىق مايغا ئايلىنىپ سەمرىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

باللار سەمرىپ كېتىشنىڭ بۇ ئىككى مەزگىلدە ئاتا-ئانىلار باللىرىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىپ تۇرۇشى لازىم.

ئىشتىيىنىڭ ئېچىلىپ كېتىشى ۋە بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ تېز يۇقىرىلاپ كېتىشى - سەمرىشنىڭ سىگنالى. بۇ مەزگىلدە باللارنى دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇۋاپىق ھالدا تەنتەربىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش، قوشۇمچە كۆكتاتلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم.

**ئاينۇر ئابدۇقادىر (ت)**

مۇھەررىرى: **قۇندۇز مۇھەممەد**

# قىزلار ئۇچرىشىشقا بارغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك

ئادىلە ئابدۇللا

قىز - يىگىتلەرنىڭ ئۇچرىشىشىغا قانداق كىيىنىپ بېرىش، قانداق قىياپەتتە قارشى تەرەپ بىلەن پاراڭلىشىش ھەمدە قانداق قىلىپ قارشى تەرەپتە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر پەيدا قىلىشنى بىلىدىغان تەجرىبىلىك قىزلار ئانچە كۆپ ئەمەس. نۇرغۇن قىزلار بىرەر يىگىت بىلەن ئۇچراشسا تەمتىرەپ، گەپلىرى قولاشماي ئۆزىنىمۇ، قارشى تەرەپنىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. تۆۋەندە قىزلارغا يىگىتلەر بىلەن ئۇچراشقاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى ۋە ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يىگىتنى قانداق تاللاش كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمىز.

سىز تۇنجى قېتىم بىرەر يىگىت بىلەن ئۇچراشقىلى بارغاندا چىرايلىق كىيىنىپ بېرىپ قارشى تەرەپتە ياخشى تەسىر قالدۇرۇشنى ئويلايسىز، ئەلۋەتتە. لېكىن كىيىنىشىڭىز ئۇچرىشىدىغان سورۇننىڭ كەيپىياتىغا ماس كېلىشى كېرەك. ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن يىگىت چوقۇم تېلېفون ئارقىلىق ئۇچرىشىدىغان جاينى سىزگە ئۇقتۇرىدۇ. ئەگەر سىلەر رېستوراندا ئۇچرىشىشقا كېلىشكەن بولساڭلار، چىرايلىق گىرىم قىلىپ، چوڭ سۆيەت، ئېسىل كىيىنىپ بېرىڭ. ئالىي رېستورانلارغا ئېسىل كىيىنىپ بارسىڭىز تېخىمۇ نازاكەتلىك، ھەرىبدار كۆرۈنىسىز. ئەگەر قىز - يىگىتلەر ئارا سىرتلارغا ئويىنىغىلى چىقىشقا كېلىشكەن بولساڭلار، ئادەتتە ئۆزىڭىزگە يارىشىدىغان، ئۆزىڭىزنى ئەركىن ھېس قىلىدىغان ئازادە كىيىملىرىڭىزنى كىيىپ بارسىڭىز بولىدۇ. بەك ئېسىل كىيىنىۋالسىڭىز ئۆزىڭىزنى ئەركىن ھېس قىلالمايسىز. ئەگەر يىگىتكە مەيلىڭىز بولسا تۇنجى ئۇچرىشىشتا چوقۇم ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇرۇشقا تىرىشىڭ. مۇۋاپىق سۆز ياكى ھەرىكەت ئارقىلىق سىزنىڭمۇ يىگىتنى ياقتۇرىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ. يىگىتكە قىزغىن مۇئامىلە قىلسىڭىز يىگىتنىڭ سىز بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرۇش ئىشەنچىسى ئېشىپ، تېخىمۇ يۈرەكلىك ھالدا سىزنى قوغلىشىدۇ. ئەگەر يىگىتنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى بەك چوڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلسىڭىز، يىگىت بۇ قىز مېنى ياقتۇرمىغان ئوخشايدۇ، دەپ قاراپ، سىزدىن ئۆزىنى تارتىشى مۇمكىن. شۇڭا يىگىتلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا ئىمكانقەدەر ئۆزىڭىزنى ئەركىن - ئازادە تۇتۇڭ. قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاڭ. ئەگەر يىگىتنى ياقتۇرمىسىڭىز سىلىق سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىنى سەمىمىي رەت قىلىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھەرگىز باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى قىلماڭ.

ئۇنىڭدىن باشقا يىگىتىڭىز بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن قىزىقىش



يۈزىسىدىن ئۇ سىزنىڭ ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلىرىڭىزنى سورىسا دېيىشكە تېگىشلىكلىرىنى سەممىيلىك بىلەن سۆزلەپ بېرىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھەرگىزمۇ يەڭگىللىك بىلەن ھەممە ئىچ - سىرىڭىزنى تۆكۈپ تاشلىماڭ. ئاياللار سىرلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. بىر ئەدىب: «ئەقىللىق ئاياللار ئەرلەرنىڭ مەڭگۈ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشمەن دەيدىكەن، ئۆزىنى سىرلىق تۇتۇشنى بىلىشى كېرەك» دەپ توغرا ئېيتقان. يىگىتىڭىز دائىم سىزنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىدىغان، سىزگە قىزىقىدىغان بولسۇن. سىزنى بەك ئاسان چۈشىنىپ كەتسە، سىزدىن ئاسانلا زېرىكىدۇ. چۈنكى ئاسان قولغا كەلگەن نەرسىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. سىلەر بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئەگەر يىگىت سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسە، ئۇ چوقۇم سىزگە ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. سىز يىگىتنىڭ سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ سىزگە تۇتقان مۇئامىلىسىگە سەپسېلىڭ. ئەگەر يىگىت سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرسە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دائىم سىزنى ئىزدەيدۇ. سىزنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرسە چىرايىدا دەرھال خۇشاللىق ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ. خىزمىتى ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ ئالاھىدە ۋاقىت چىقىرىپ سىزگە ھەمراھ بولىدۇ. سىزگە كۆيۈنىدۇ. سىز ئۈچۈن پاي - پېتەك بولىدۇ. ھەتتا سىز ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ئادەتتە قىزلار ناھايىتى سەزگۈر بولىدۇ. ئەگەر سىز ئەقىللىق قىز بولسىڭىز يىگىتنىڭ كۆزىدىنلا ئۇنىڭ سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان- كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىز. ئۇچرىشىش قېتىم سانىڭلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئەگەر سىزمۇ يىگىتنى چىن كۆڭلىڭىزدىن ياقتۇرغان بولسىڭىز، ئۇچراشقاندا قىلىشىدىغان گەپلەر تۈگىمەيدۇ، ۋاقىتنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز. خوشلىشىدىغان ۋاقىتتا يىگىتتىن ئايرىلىشقا كۆزىڭىز قىيمايدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا سىزنىڭ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىز يىگىتنىڭ تەلپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي مۇھەببەتلەشسىڭىز، ئۇنى ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن دوستلىرىڭىزغا تونۇشتۇرۇپ، ھايات سەپىرىڭىزنى بۇ سادىق ھەمراھىڭىز بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتكۈزسىڭىز بولىدۇ.

**مۇھەررىرى: ئارزۇگۈل رىشىت**

## ئۇيقۇسىزلىققا گىرىپتار بولغانلار چۈشتىن كېيىن كۆپرەك ھەرىكەتلىنىشى كېرەك

روھىي جەھەتتىن جىددىيلىشىش ۋە نېرۋا ئاجىزلىق ئۇيقۇسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ئۇيقۇسىزلىققا گىرىپتار بولغۇچىلار دائىم ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئۇيقۇ دورىسى ئىچىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ بېرىدىغان ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئورگانىزمغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئەنگلىيىلىك بىر تىببىي مۇتەخەسسىس مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلىگەن. يەنى، ئۇيقۇسىزلىققا گىرىپتار بولغانلارنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، چۈشتىن ئىلگىرى ۋە چۈشتىن كېيىن ئوخشاش بولغان تەنتەربىيە ھەرىكىتى بىلەن چېنىقتۇرغان. ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ھەرىكەت سالمىقىمۇ ئوخشاش بولغان. كېچىدە ئۇلارنى ئوخشاش ۋاقىتتا ئۇخلاتقان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇخلاش ئەھۋالىنى خاتىرىلىگەن. نەتىجىدە، چۈشتىن ئىلگىرى ھەرىكەت قىلغان ئۇيقۇسىزلىققا گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئۇخلاش ئەھۋالى ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن ئانچە پەرقلەنمىگەن. بىراق چۈشتىن كېيىن ھەرىكەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۇخلاش ئەھۋالىدا زور دەرىجىدە ياخشىلىنىش بولغان.

**ئادىلجان ئەمەت (ت)**

**مۇھەررىرى: زۇلھايات ئەبەيدۇللا**

## بىمارلار ئۈچۈن خۇش خەۋەر

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكلەش ئورنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆپىيىش سىستېمىسى ۋە جىنسىيەتكە دائىر تەتقىقات، داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدە نوپۇزلۇق ئورگان بولۇپ قالدى. بۇ ئورگان تەسىس قىلغان «بۇغدا ئامبولاتورىيىسى» تەجرىبىلىك دوختۇر ئەركىن ھاشىمنىڭ باشچىلىقىدا ئەر - ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىك، جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلىقى، مەزى بېزى ياللۇغى، ھەرخىل ئاياللار كېسەللىكلىرى، سۆزنەك، سىبلىس ۋە باشقا يۇقۇملۇق جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇ ئامبولاتورىيە يەنە ھامىلدار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دورا بىلەن بالا چۈشۈرۈش، خەتنە ئوپېراتسىيىسى قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇ ئامبولاتورىيە كەڭ بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. بىمارلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قەتئىي ساقلايدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ كېسەل كۆرىدۇ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاق بېشى كوچىسى 153 - قورۇ. (1 - يول، 101 - يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ سەنشىخاگزا بېكەتتە چۈشۈپ، رابىيە قادىر بىناسىنىڭ ئالدىدىن سەھىيە نازارىتى تەرەپكە قاراپ 300 m ماڭسىڭىز بولىدۇ).

تېلېفون نومۇرى: 2306919

ئالاقىلاشقۇچى: ئەركىن دوختۇر، ئەنۋەر دوختۇر

# چېنىقىشقا ۋاقتى يەتمىگەنلەر قانداق چېنىقىشى كېرەك

تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇش ئەسۋابلىرى بازارغا كۆپلەپ سېلىنغان بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا چېنىقىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانلىقتىن ئاغرىنماقتا. ئەمەلىيەتتە، سىز پەقەت چېنىقىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتسىڭىزلا، كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزدا چېنىقىش پۇرسىتى ناھايىتى كۆپ.

سەھەردە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ بىر نەچچىنى كېرىلىپ قورساق قاتلاش ھەرىكىتىنى ئىشلەپ بېرىڭ. كىيىم كىيگەندە بىر پۇتتا تىك تۇرۇش ھەرىكىتىنى، ئاياغ كىيگەندە بەل ئېگىش ھەرىكىتىنى، چېچىڭىزنى تارىغاندا باش لىڭشىتىش ھەرىكىتىنى قىلىپ بېرىڭ. قول بارماقلىرىڭىزنىمۇ ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەرسىڭىز قوللىرىڭىزنىڭ يەڭگىل بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

پۇتىڭىزنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ يۈزىڭىزنى يۇسىڭىز قورساق مۇسكۇلىڭىز بىلەن پۇت قىسمىڭىزنى چېنىقتۇرالايسىز. ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن بىر پىيالە سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ ئىچىۋالسىڭىز ئىشتىھايىڭىزنى ئاچىدۇ. خىزمەتكە بېرىش يولىدا (خىزمەت ئورنىڭىز ئۆيىڭىزدىن يىراق بولسا ئاپتوبۇس بېكەتكىچە) كۆكرەك كېرىش ھەرىكىتىدىن بىر نەچچىنى ئىشلەپ، مۈرىڭىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئەركىن نەپەس ئېلىڭ. «پىيادە ھەرىكەت ئىشلەش»نى ئۆزىڭىز بېكىتسىڭىز ھەر ۋاقىت ئەركىن بولالايسىز. ئەگەر ۋېلسىپىتلىك ئىشقا بارسىڭىز پۇتىڭىزنىڭ كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

خىزمەت ئورنىڭىزغا كەلگەندە، يۇقىرى قەۋەتكە چىقماقچى بولسىڭىز ئەڭ ياخشىسى لىفتكە چىقماي پەلەمپەيدىن پۇتىڭىزنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقسىڭىز پۇت مۇسكۇللىرىڭىزنى چېنىقتۇرغىلى، پۇتىڭىزنىڭ ھەرىكەت كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئىشخانىغا كىرگەندە ئاۋۋال ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ، بىر ئاز ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن ئادەتتە ئاز ھەرىكەتلىنىدىغان ئەزالىرىڭىزنى سەل- پەل ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەرسىڭىز ئاسانلا چارچاشتىن خالى بولالايسىز. ئىش ئۈستىلىدە ئولتۇرغاندا پۇتىڭىزنىڭ ئۇچى بىلەن تاپىنىڭىزنى ئالدىغا سوزۇپ ئەركىن ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرسىڭىز يوتا مۇسكۇلىڭىز خېلىلا چېنىقىپ قالىدۇ. تېلېفوندا سۆزلەشكەندە بىر قولىڭىز بىلەن تېلېفوننى ئېلىپ، يەنە بىر قولىڭىزنىڭ بارماقلىرى بىلەن ئۈستەلنى بېسىپ تۇرسىڭىز بارماقلىرىڭىزنىڭ كۈچىنى ئاشۇرالايسىز.

ناۋادا سىز جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى بولسىڭىز، خىزمەتتىكى بوش ۋاقتىڭىزدا ئوخشاش بولمىغان بەدەن ھەرىكىتىنى قىلىپ بەرسىڭىز، ھەددىدىن زىيادە چارچاشتىن خالى بولالايسىز.

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغىنىڭىزدا مېڭىش، بەل ئېگىش، بۇرۇلۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ رىتىمى بىلەن ھەرىكەت ئۆلچىمىنى ياخشى ئىگىلىيەلىسىڭىز بەدىنىڭىزنى ئوخشاشلا چېنىقتۇرالايسىز. كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا تېلېۋىزور كۆرمەستىن، بىر سائەت ۋاقىت ئاجرىتىپ ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن سىرتلارغا چىقىپ سەيلە قىلىش بىلەن بىرگە ئازراق ھەرىكەت ئىشلەپ بەرسىڭىز بىر كۈنلۈك جىددىيلىك بىلەن ھارغىنلىقىڭىز يوقايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا ھەممە ئادەم چامىنىڭ يېتىشىچە چېنىقىش پۇرسىتى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆزلىرى تاللايدۇ. سىز پەقەت چېنىقىشقا كۆڭۈل بۆلسىڭىزلا، چېنىقىشقا ۋاقىت ئاجرىتالمىسىڭىزمۇ ئاز - ئازدىن قىلىپ بەرگەن ھەرىكەتلىرىڭىز بىلەن بەدىنىڭىزنى ساغلاملاشتۇرالايسىز.

**ھەلىمە قادىر (ت)**

مۇھەررىرى: **زۇلھايات ئەبەيدۇللا**

# ئاياللار كالتسىينى قانداق تولۇقلىشى كېرەك

ئادەم كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھەرىكەتتىن ئايرىلالمايدۇ. ھەرىكەت ئاساسلىقى بەدەندىكى مۇستەھكەم سۆڭەكلەرگە تايىنىدۇ. يېشىمىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بەدىنىمىزدىكى سۆڭەكلەرمۇ بارغانسېرى ئاجىزلىشىدۇ. 45 ياش ئەتراپىدىكى ئاياللارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى «سۆڭەك ماددىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىش» كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. 75 ياش ئەتراپىدىكى ئاياللاردا بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار 90 پىرسەنتكە يېتىدۇ. سۆڭەك ماددىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىش كېسەللىكىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى — سۆڭەكنىڭ سۇنۇشىدۇر. بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە كۆرسىتىلىشىچە، ھەر يىلى يۈز بېرىدىغان 200 مىڭغا يېقىن يانپاش سۆڭىكى سۇنغان، 500 مىڭغا يېقىن ئومۇرتقا سۆڭىكى سۇنغان، 200 مىڭغا يېقىن بىلەك سۆڭىكى سۇنغان ئاياللارنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكى سۆڭەك ماددىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىشىدىن ئۆزىدىكى سۆڭەك سۇنۇشىنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى بىلمەيدىكەن. بىراق، بىز ئوخشىمىغان ياش مەزگىلىمىزدە مۇۋاپىق دەرىجىدە كالتسىينى تولۇقلاپ تۇرساق، بۇ خىل كېسەلدىن ساقلىنىپ كېتەلەيمىز.

1. 20 ياش ئەتراپىدىكىلەر:

ئادەم 20 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان مەزگىلدە سۆڭەكلەرنىڭ ئۆسۈشى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ. كالتسىي — ئادەم بەدىنىنى مۇستەھكەملەشتىكى ئاساسلىق ئامىلدۇر. شۇڭلاشقا، (1) كۈندە 1200 mg — 1500 mg غىچە كالتسىي ئىستېمال قىلىش كېرەك. ئامېرىكا غەربىي كوننېكتىكوت سۆڭەك ماددىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىشىنى تەتقىق قىلىش مەركىزىنىڭ ئىچكى ئاجراتما مۇتەخەسسىسى رۇينادو: «ئادەم 20 ياشقا كىرگەندە بەدىنىدە كۆپ مىقداردا كالتسىي زاپاس ساقلىنىپ، سەرپ قىلىنغان كالتسىينى تولۇقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ» دەپ قارىغان. تەركىبىدە كالتسىي ماددىسى كۆپ بولغان يېمەكلىكلەردىن ماي تەركىبى تۆۋەن بولغان سۈت پاراشوكلىرى، يېشىل ئۆسۈملۈكلەر، يېڭى سۈت، يېڭى بېلىق قاتارلىقلار. (2) ھەر كۈنى 400 IUs لىق ۋىتامىن D نى ئىستېمال قىلىش كالتسىينىڭ شۈمۈرۈلۈشىگە پايدىلىق. بۇ يەردە ۋىتامىن D كاتالىزاتورلۇق رولىنى ئوينايدۇ. (3) ھەر ھەپتىدە ئۈچ سائەت چېنىقىش كېرەك. مەسىلەن، پىيادە يول يۈرۈش، سەيلە قىلىش... (4) تاماكا چەكمەسلىك كېرەك. تاماكا چەككەندە ئاياللارنىڭ جىنسىي گورمونىنىڭ ئاجرىلىشى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئەمما جىنسىي گورمون بولسا دەل سۆڭەك ماددىسىنى قوغدىيالايدۇ... [see note] 



ھەر خىل غىدىقلىغۇچى تەسىرگە ئىگە دورىلار.

2. 30 ياش ئەتراپىدىكىلەر:

بۇ ياشتىكىلەرنىڭ بەدىنىدىكى كالتسىي ماددىسى تېز سۈرئەتتە تولۇقلىنىشقا موھتاج. (1) كۈندە 1000 mg ـ 1200 mg غىچە كالتسىي ماددىسى ۋە 400 I Us لىق ۋىتامىن D تولۇقلاپ تۇرۇشى كېرەك. (2) ھەر ھەپتىدە ئۈچ سائەتتىن ئارتۇقراق چېنىقىش كېرەك. كۈندە 10 مىنۇتتىن چېنىقىپ بېرىشمۇ سالامەتلىككە ئىنتايىن پايدىلىق.

3. 40 ياشتىن ئاشقانلار:

ئاياللار 40 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن «ھەيز توختاش» دەۋرىگە يېقىنلىشىدۇ. ئاياللىق ھورمونىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشى ئاجىزلاش سەۋەبىدىن كالتسىينىڭ خورىشى كۆپىيىدۇ. ھەيز توختىغاندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە، ئاياللارنىڭ سۆڭەك ماددىسىنىڭ زىچلىقى %25 تۆۋەنلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاسانلا «سۆڭەك سۇنۇش» ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا 20 ـ 30 ياش باسقۇچلىرىدىكى كالتسىي تولۇقلاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. (1) ھەيز توختىغان مەزگىل ئىچىدە كالتسىي مىقدارىنىڭ تەڭشىلىشىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئادەتتە كۈندە ئىستېمال قىلىدىغان كالتسىي مىقدارىنى mg 1200 دىن mg 1500غا كۆپەيتىش كېرەك. (2) چېنىقىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئامېرىكا ئوھىئو شتاتىدىكى تىببىي پەن مۇتەخەسسىسلىرى توققۇز ئاي تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، 50 ياشتىن ئاشقان ئاياللارنى ھەپتىدە ئۈچ سائەت ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ھەرىكىتى ئىشلەتكەندىن كېيىن ئومۇرتقا سۆڭىكىدىكى سۆڭەك ماددىسىنىڭ زىچلىقى ئاشقان. (3) سۆڭەك ماددىسىنىڭ زىچلىقىنى تەكشۈرتۈش كېرەك. ئەگەر سىزنىڭ ئۇزۇن ئولتۇرىدىغان ئادىتىڭىز بولسا ياكى ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ ئىچىدە سۆڭەك بوشاش ئەھۋالى كۆرۈلگەنلەر بولسا ئۇنداقتا رېنتگېن سىزنىڭ كېسەللىكىڭىزگە توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ بېرەلەيدۇ. (4) ئاياللىق جىنسىي ھورمونىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ كۆرۈڭ. بۇ ERT دېيىلىدۇ. بۇ خىل داۋالاش سىزنىڭ سۆڭەك ماددىڭىزنىڭ بوشاپ كېتىش ئەھۋالىنى ۋە دەز كېتىش ئەھۋالىغا قارىتا بەلگىلىك ۋاقىت ئۈزارتىش رولىغا ئىگە.

تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ھەر خىل ياشتىكى ئاياللاردا راك، ئەيدىز، بۆرەك كېسىلى قاتارلىقلارنى ئېغىر كېسەل دەپ قاراپ، سۆڭەك بوشاپ كېتىش كېسىلىگە قارىتا سەل قارايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. نەتىجىدە سۆڭەك چىرىكلىشىش، ئاسان قېرىپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. ھەتتا ھاياتىغىمۇ خەۋپ يېتىدۇ.

مۇھەررىرى: **باھارگۈل ساتتار**

## تۈزىتىش

· سەۋەنلىكىمىز تۈپەيلىدىن ژۇرنىلىمىزنىڭ 11 ـ سانىنىڭ 14 ـ بەت، ئىككىنچى ئىستون ئۈستىدىن سانىغاندا 16 ـ قۇردىكى «مەملىكەتلىك» دېگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىغا «قازاقىستان» دېگەن سۆز، 24 ـ بەت، ئىككىنچى ئىستون، تۆۋەندىن سانىغاندا 11 ـ قۇردىكى «پارتىيىنىڭ 15 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى» دېگەن سۆز «پارتىيىنىڭ 15 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى» دەپ بېسىلىپ قالغان، تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

«شىنجاڭ ئاياللىرى» رېداكسىيىسى نەشر قىلدى
«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 42 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830002. تېلېفون: 2823886
باھاسى 1.80 يۈەن. ۋاكالەت نومۇرى (8 ـ 58)
دۆلەتلىك نومۇرى CN65 — 1053 / Z












ئامىنە ئولاتايوۋا فوتوسى




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاياللىرىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى يىغىنىدىن كۆرۈنۈش

ئامىنە ئولاتايوۋا فوتوسى

ئىلان ئىجازەت نومۇرى: 0053155 新工商广证字:

# 1999 ـ يىللىق «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژورنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز



ئامىنە ئۇلانايوۋا فوتوسى

**1**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1 | 2 |
| 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
| 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 |
| 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |
| 31 | | | | | | |

**2**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | | | | | | |

**3**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | 30 | 31 | | | |

**4**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | |

**5**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 |
| 30 | 31 | | | | | |

**6**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 |
| 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 |
| 27 | 28 | 29 | 30 | | | |

**7**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 |

**8**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 |
| 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 |
| 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | | | | |

**9**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 |
| 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | | |

**10**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1 | 2 |
| 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
| 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 |
| 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |
| 31 | | | | | | |

**11**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | 30 | | | | |

**12**

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 |
| 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | |


ئادرېسى: ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 42 ـ نومۇر، باھاسى: 2 يۈەن 10پۇڭ

تېلېفون نومۇرى: 2823886 پوچتا نومۇرى: 830002